# ئەيسا مەسىھنىڭ
# قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئاپتورى: چىن جوڭداۋ

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز
1. كىشىلىك تۇرمۇش ۋە بايلىق
2. بۇ ئادەم بەختلىك
3. خۇش خەۋەردىكى «ئەمەس» ۋە «شۇ»
4. ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشنىڭ نېمە
پايدىسى بار ؟
5. مۇقەددەس كىتابقا ئىشىنىشكە
بولامدۇ-بولمامدۇ؟
6. ناتىقلىق ۋە ئەقىل-پاراسەت
7. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى
8. مەن يولدۇرمەن
9. ئاجايىپ ئەيسا مەسىھ
10. جىنايەتچىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى
11. ھالاك بولغان جىنايەتچى
12. جىنايەتچىلەرنىڭ قاتارىدىكى
ئەيسا مەسىھ
13. ئەيسا مەسىھكە قانداق
ئىشىنىش كېرەك؟
14. ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش
ئىلتىپاتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

# كىرىش سۆز

مەزكۇر كىتابتا ئاپتور قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى ۋە مەسىھ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە مەسىھ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئازابىنى تۈپ يىلتىزىدىن قانداق ھەل قىلالايدىغانلىقى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىنى قانداق تۇرغۇزۇش، سەممىيلىك بىلەن قانداق توۋا قىلىش، ساپ ۋە ئەمەلىي ئېتىقادنى قانداق ئىشلىتىش، مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئوبيېكتى كەڭ خەلق ئاممىسى بولغاچقا، كىتاب ئاممىباپ تىل بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ.

# بىرىنچى باب

## كىشىلىك تۇرمۇش ۋە بايلىق

ھەرقانداق ئادەم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما بەختلىك تۇرمۇشتا بايلىق كەم بولسا بولمايدىغاندەك بىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىنى بايلىق قوغلىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بايلىق راستىنلا كىشىلەرگە بەختىيار تۇرمۇش ئاتا قىلالامدۇ؟ تۆۋەندە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ رەب دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەيسا مەسىھنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە بايلىق توغرىسىدا قانداق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغانلىقىغا قۇلاق سالايلى!

ھەزرىتى ئەيسا كىشىلىك تۇرمۇش ۋە بايلىق توغرىسىدا توختالغاندا، مۇنداق دەيدۇ:

> «ھەر خىل ئاچكۆزلۈكتىن پەخەس بولۇڭلار ۋە ساقلىنىڭلار، چۈنكى كىشى ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى مال-مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىگە باغلىق ئەمەس» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 15-ئايەت).

بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى بايلىققا باغلىق ئەمەس دېگەنلىكتۇر. بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەيسا تۆۋەندىكى مەسەلنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

> «‹ بىر باينىڭ يېرى مول ھوسۇل بېرىپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە ‹ بۇنچىۋالا ھوسۇلنى قويىدىغان يېرىم يوق، قانداق قىلسام بولار؟ توغرا، ھازىرقى ئامبارلىرىمنى بۇزۇپ، كېڭەيتىپ ياساپ، ئاشلىق ۋە باشقا مال-مۈلۈكلىرىمنى شۇ يەرگە قويمايمەنمۇ؟ › دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ يەنە ئۆز ئۆزىگە: ‹ ۋاي-ۋۇي، سەن نېمە دېگەن بەختلىك ئادەم! كۆپ يىل يەتكۈدەك مال-مۈلكۈڭ بار. تۇرمۇشۇڭنى يەپ-ئىچىپ، خۇشال-خۇرام راھەتتە ئۆتكۈزمەمسەن؟ › دەپتۇ. لېكىن، خۇدا ئۇنىڭغا: ‹ ئەي ئەخمەق، بۈگۈن كېچىلا

ئامانەتنى تاپشۇرسەن، ئۇنداقتا توپلىغان بارلىق بايلىقىڭ ئەمدى كىمگە قالار؟› دەپتۇ. دېمەك، ئۆزىگە بايلىق توپلىغان، ئەمما خۇدانىڭ نەزىرىدە باي بولمىغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇنداق بولىدۇ» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12‑باب، 16‑ئايەتتىن 21‑ئايەتكىچە).

بۇ مەسىلىدە تىلغا ئېلىنغان باي «ئەخمەق»، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھېچقانداق بىلىمى ۋە قابىلىيىتى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. يۇقىرىقى مەسىلىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئادەم تىجارەتكە ماھىر، ئۆز ئىگىلىكىنى پىلانلاشقا ئۇستا. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنىلا «ئەخمەق»، دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلمىگەن. ئەيسا مەسىھ بۇ مەسەل ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قانچە ھەقىقەتنى بىزگە كۆرسەتكەن:

### 1. مال‑دۇنيا كۆپەيگەنسېرى، غەم‑ ئەندىشىمۇ كۆپىيىدۇ

كىشىلەر دائىم كەمبەغەللەرنىڭ غېمى كۆپ بولىدۇ، پۇل بولسا غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، كەمبەغەللىكنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق غېمى بولغىنىدەك، پۇلدار بولۇشنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار. كەمبەغەل پەقەت يېمەك‑ئىچمەك ۋە كىيىم‑كېچەكنىڭلا غېمىنى قىلىدۇ. ئەمما، بايلارنىڭ غېمى بەكمۇ كۆپ. ئۇلارنىڭ گەرچە كىيىم‑كېچەك ۋە يېمەك‑ئىچمەكتىن غېمى بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆز بايلىقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن غەم يەيدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بايلىقلىرىنىڭ ئوغۇرلىنىشىدىن، گۆرۈگە ئېلىنىشتىن، پۇل پاخاللىقىنىڭ يۈز بېرىشىدىن، ئۇرۇق‑تۇغقان ۋە دوست‑بۇرادەرلىرىنىڭ قەرز سورىشىدىن، پۇل ئىئانە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پۇلنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ غەم قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار پۇلنى قايسى بانكىغا قويۇش، قانداق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ غەم يەيدۇ. تىجارەتتە مەغلۇپ بولۇش ئەلۋەتتە ئازابلىق بىر ئىش. تىجارەتتە روناق تېپىشنىڭمۇ توختاي دېسىمۇ توختىيالماي، ئىختىيارى ئۆزىدە بولماسلىقتەك دەردى بار. شۇنىڭ

ئۇچۇن، ئەگەر كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقستى كۆپرەك پۇل تېپىپ، راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشلا بولسا، نەتىجە دەل ئەكسىچە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

## 2. مال مۈلۈككە بېرىلىش شەخسىيەتچىلىكنى كۈچەيتىدۇ

يۇقىرىقى تەمسىلدىكى باي ئۆزىنى مەركەز قىلىشنىڭ تىپىك مىسالى. باي مۇنداق دەيدۇ:

« . . . ھوسۇلنى قويىدىغان يېرىم يوق . . . قانداق
قىلىشىم كېرەك . . . ئامبارلىرىمنى . . . ئاشلىق ۋە
مال مۈلۈكلىرىمنى . . . ئۇ يەنە ئۆز ئۆزىگە . . .»

دېمەك، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنىنىڭ ھەممىسى «ئۆزى» ئۈچۈنلا بولغان. مال ـ دۇنياغا بېرىلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم شەخسىيەتچى كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزى جاپا تارتىپ تاپقان پۇلدىن باشقىلارنى قانداقمۇ تەڭ بەھرىمان قىلسۇن؟ ھازىرقى زامان كىشىلىرى پۇلنى ئۈستۈن كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئادەملىرى بەك شەخسىيەتچىدۇر. «مۇقەددەس كىتاب» بۇ توغرىسىدا بىزگە ئالدىنقاچان ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن:

«زامان ئاخىرىدا خەتەرلىك كۈنلەر يېتىپ كېلىدۇ،
چۈنكى ئۇ چاغدا كىشىلەر ئۆزىنىلا ئويلاپ،
ئاچكۆزلىشىپ كېتىدۇ . . .»

ئۆزىنىلا ئويلاش بىلەن ئاچكۆزلۈك بىر ـ بىرىگە باغلانغان. شەخسىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلىشىدۇ. مەيلى ئائىلىدە، مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن، بايلىق سەۋەبىدىن تىنچلىق ئازىيىپ، زىددىيەت كۆپەيمەكتە. بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، ئۆچمەنلىك قاتارلىق ھەر خىل يامانلىقلار پەيدا بولماقتا. ئادەمدە پۇل كۆپەيگەنسىرى ئۇلار خالىغانچە كۆڭۈل ئېچىشتا جۈرئەتلىك بولۇپ كېتىپ، مەغرۇرانە ھالدا: «ئادەم شەخسىيەتچى بولۇشى كېرەك»، دەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان بۇ خىل «كىشىلىك پەلسەپىسى»گە قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ زىددىيەت ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولۇپ،

ھېسداشلىق قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئازلاپ كېتىدۇ.

## 3. مال دۇنيا توپلاش روھىي ئازابنى تولدۇرالمايدۇ

بۇ ئەخمەق باي نۇرغۇنلىغان ئاشلىق يىغدى ھەم ئۆز-ئۆزىگە: «ۋاي-ۋۇي، سەن نېمە دېگەن بەختلىك ئادەم! كۆپ يىل يەتكۈدەك مال-مۈلكۈڭ بار. تۇرمۇشۇڭنى يەپ-ئىچىپ، خۇشال خۇرام راھەتتە ئۆتكۈزمەمسەن؟!» دەيدۇ. دىققەت قىلىڭكى، بۇ باي بۇ يەردە ماددىي بايلىققا تەۋە بولغان ئاشلىق ۋە مال-دۇنيا بىلەن ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كەملىكنى تولدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، روھىمىز بۇنىڭلىق بىلەن ھەم سۇ ئىچمەيدۇ ھەم توق بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بايلىق قانداقمۇ روھىمىزدىكى كەملىكنى تولدۇرالىسۇن؟ مانا بۇ، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق خاتالىقى. ئۇلار پەقەت ماددىي بايلىق كۆپيىسە، ئىقتىساد گۈللەنسىلا ئىنسانىيەت خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھازىر ماددىي بايلىقنىڭ يۈكسىلىشى ئالدىنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا ئۇچقاندەك راۋاجلانماقتا. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، ئىنسانىيەت مەيلى شەخس بولسۇن، مەيلى جەمئىيەت ۋە دۆلەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى بوشلۇقنى ماددىي بايلىق ھەرگىزمۇ تولدۇرالمايدۇ. قەلبىمىزنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجىنى خۇش خەۋەرنىڭ ھەقىقىتىلا تولدۇرالايدۇ. چۈنكى، روھىي ئاچلىقنى پەقەت روھىي جەھەتتىكى ئاشلىقلا تولدۇرۇش كېرەك. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

> «ھاياتلىق بېرىدىغان نان ئۆزۈمدۇرمەن! مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنلەر ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ. ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار ھېچقاچان ئۇسسىمايدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 35-ئايەت).

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

> «ئىنسانغا ھاياتلىق بەرگۈچى خۇدانىڭ روھىدۇر. بۇ ئىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. سىلەرگە

ئېيتقان سۆزلىرىم خۇدانىڭ روھىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق تەقدىم قىلىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 63-ئايەت).

سىزنىڭ روھىڭىز ئۇسسىدىمۇ؟ روھىڭىزدا كەمتۈكلۈك بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئەيسا مەسىھنىڭ يېنىغا كېلىڭ!

## 4. مال-دۇنيا ئۆمۈرنىڭ قىسقىرىشىنى تېزلىتىدۇ

خۇددى باي ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، كەمبەغەل قىسقا ئۆمۈر كۆرىدىغاندەك، كىشىلەر دائىم بايلىق بىلەن ئۆمۈرنى بىر-بىرىگە باغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، باي ئادەمنىڭ ئۆمرى كەمبەغەل ئادەمنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزۇن بولۇشى ناتايىن، بەلكىم قىسقا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، باي ئادەم پۇل ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرىدۇ ھەم خالىغانچە كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ زىياپىتى ۋە مېھماندارچىلىقى كۆپىيىپ كېتىپ، تۇرمۇشى كەمبەغەللەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەگەر باشقىلار كەمبەغەللەرنى نەزىرىگە ئىلمىسا، بۇ ئىش كەمبەغەللەر ئۈچۈن ھېچ ئىش ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى نەزەرگە ئالماسلىقى ئۇلار ئۈچۈن چوڭ نومۇس ھېسابلىنىپ، يۈزى تۆكۈلگەندىن باشقا، روھىي جەھەتتە ئازابلىنىدۇ ھەم بۇنى كۆڭلىدە ساقلاپ، پەيتى يېتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلەردىن ئۆچ ئالىدۇ. بۇ ئەخمەق باي بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن مال دۇنيا توپلىدىيۇ، ئۇنىڭ تارتقان جاپا-مۇشەققىتى ئۇنىڭ جېنىنى ئۇپراتتى. ئۇ گەرچە شۇنچە يىل يەتكۈدەك مال-دۇنياغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر كېچىلا ياشىيالايدىغان تۇرسا، ئۆزىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىقتىن قانداقمۇ بەھرە ئالالىسۇن؟ ئۇنىڭ تاپقان تەرگىنى كىمگە قالىدۇ؟ پۇل بىلەن ھاياتلىقنى سېتىۋېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. قەدىرلىك دوستۇم، سىز كىم ئۈچۈن پۇلنىڭ قۇلى بولۇۋاتىسىز؟ ئەگەر پەرزەنتلىرىڭىز ئىرادىلىك بولسا، پۇللىرىڭىزنى ئۇلار ئۈچۈن ئىشلىتىشىڭىز ھاجەتسىز. ئەگەر پەرزەنتلىرىڭىز قابىلىيەتسىز بولسا، سىزنىڭ قان-تەر بەدىلىگە يىغقان پۇللىرىڭىزنى ھامان بىر كۈنى توزۇتىۋېتىدۇ. پۇل ۋە مال-دۇنيا ئۈچۈن جېنىڭىزنى ئۇپراتماڭ. پۇللىرىڭىز ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئۆگىنىڭ.

ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتى پەقەت مەڭگۈ باقىۋەندە بولمايدىغان ئىككى تۆت تال تەڭگە بىلەن ئۆلچەنسە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇكى ئادەمدە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق يەنى روھ بار.

بىز مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن، خۇدادىن ياردەم سوراپ يازغان شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

«بىزنىڭ كۆرىدىغان ئۆمرىمىز خۇددى بىر تىنىقچىلىقلا ئىكەن. بىزنىڭ كۆرىدىغان ئۆمرىمىز يەتمىش ياشتىن ئاشمايدىكەن. ساغلاملىرىمىز سەكسەنگە ئۇلىشىدىكەنمىز، ئەمما ئېرىشكىنىمىز پەقەتلا ئازاب ۋە جاپا-مۇشەققەتلا بولىدىكەن. ھاياتلىق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈگەپ، ھەممىمىز ئۆتمۈشكە ئايلىنىدىكەنمىز. ئىھ! خۇدا بىزگە قىسقىغىنە ئۆمرىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەتكەيسەن، بىزنى تېخىمۇ ئەقىل-پاراسەتلىك قىلغايسەن» («زەبۇر» 90-باب، 9-، 10-، 12-ئايەت).

## 5. خۇدانىڭ ئالدىدا قانداق باي بولۇش كېرەك؟

ھەزرىتى ئەيسا بۇ مەسىلىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىگە بايلىق توپلىغان، ئەمما خۇدانىڭ نەزىرىدە باي بولمىغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ». ھەزرىتى ئەيسا بۇ يەردە باي بولساڭ زادى بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بايلىق توپلاشتا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ نەزىرىدە باي بولۇشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى. پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا بايلىق توپلىغان، ئەمما خۇدانىڭ نەزىرىدە باي بولمىغانلار بىر ئۆمۈر جاپا تارتسىمۇ، مانا مۇشۇ ئەخمەق بايغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىن قۇرۇق قول ئايرىلىپ، مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇققا بارىدۇ!

ئۇنداقتا، «خۇدانىڭ نەزىرىدە باي بولۇش» دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ مەنىسى

بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغانلىرىمىز خۇدانىڭ ئەستە ساقلىشىغا ئېرىشسۇن، بىزنىڭ بۇ قىسقىغىنا ھاياتىمىزدا قىلغان ئىشلىرىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەرشتە توپلىنىدىغان بايلىقىمىز قانچە كۆپ بولسا، بىز شۇنچە باي بولغان بولىمىز. ئەگەر ئەرشتە خۇدا قوبۇل قىلىدىغان «بايلىقىمىز» بولمىسا، بىز خۇدانىڭ نەزىرىدە كەمبەغەل ھېسابلىنىمىز. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە شۇنداق دەيدۇ: گۇناھكار ئادەم خۇدانىڭ نەزىرىدە «كەمبەغەل»، «يالىڭاچ»تۇر. چۈنكى، ھەتتا «بىزنىڭ پاكلىقىمىز خۇدانىڭ نەزىرىدە مەينەت كىيىمگە ئوخشاش بولۇپ»، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى يېپىشقا يەتمەيدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«سىلەر رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شاپائىتىنى بىلىسىلەر، ئۇ ئەسلىدىنلا باي بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكى سەۋەبىدىن سىلەرنىڭ بايغا ئايلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى دەپ كەمبەغەل بولدى».

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەسلىدىنلا باي بولسىمۇ، لېكىن بىزنى دەپ كەمبەغەل بولغانلىقى ئۇنىڭ دەل بىزنى دەپ ئەرشتىكى ئۇلۇغلۇقىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ دۇنياغا چۈشۈپ ئادەم بولغانلىقىنى ھەم «كرېستتا ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» («فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب، 1-ئايەتتىن 8-ئايەتكىچە). «ئۇنىڭ كەمبەغەللىكى سەۋەبىدىن بايغا ئايلاندۇق» دېگەنلىك، ئۇنىڭ دەل بىز ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى، نەتىجىدە بىزنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈشىنىڭ ئەجرىگە ئىشىنىشىمىز ئارقىلىق خۇدانىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشىپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ بىر تەرەپتىن گۇناھكار ھالەتتە خۇدا بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرشتە ساخاۋەت قىلىپ «بايلىق» توپلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز چوقۇم ئالدى بىلەن خۇدا بىلەن يارىشىپ، ھەقىقەت بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلساق، قىلغانلىرىمىز ئاندىن مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان ئادەم بولالمايمىز. چۈنكى، ھېچكىم خۇدانىڭ ئۆلچىمىگە ياخشى ئىشلىرى بىلەن يېتەلىگەن ئەمەس. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى خۇدانىڭ تەلىپىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن،
شىمالىي ئامېرىكا جەمئىيىتى «كەمتەرلىك»، «يول قويۇش» قاتارلىق ئىشلارنى

كىشىلەردىكى گۈزەل ئەخلاق دەپ قارىشى ناتايىن، ئەكسىچە بۇنداق ئىشلار ئۇ جايدا ئاجىزلىق، ئارقىغا چېكىنىش، ئەخمەقلىق، دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر سىزنى كەمتەرلىكىڭىز تۈپەيلىدىن سىزنى ھۆرمەتلىمەك تۇگۇل، بەلكى سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. شىمالىي ئامېرىكا ئادەملىرى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە كەمتەر بولۇش، ئۆزئارا يول قويۇش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11-باب، 29-، 30-ئايەت)، («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 12-باب، 10-ئايەت)، («فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب، 3- ئايەت ۋە 6-ئايەتتىن 9-ئايەتكىچە)

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي ئامېرىكا مەدەنىيىتىدىن بىز كەمتەرلىكنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيمىز. بۇ خىل مەدەنىيەتكە نىسبەتەن، ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنى ماختاش قابىلىيەتلىك بولۇشتىكى ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، كىشىلەر ياخشى دەپ ھېسابلىغان بۇ ئىشلار خۇدانىڭ نەزىرىدە ياخشى بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتىنى قوبۇل قىلىپ، ئوي-پىكىرلىرىمىزنى يېڭىلىغاندىلا «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ تەلىپى بويىچە قىلالايمىز.

ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن.
مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ»
(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 6-ئايەت).

دېمەك، مەسىھنىڭ ھاياتىنى قوبۇل قىلساق، روھىي قانائەت تاپقان ھاياتنى كەچۈرەلەيمىز. ئۇنىڭ ھەقىقەتى بويىچە ئىش قىلساق، ئاندىن خۇدانى خۇشال قىلالايمىز. ئەيسا مەسىھنى خۇدانىڭ ئالدىغا بارىدىغان يول قىلساقلا، قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىز ۋە ئىئانىلىرىمىز خۇدانىڭ مەڭگۈلۈكى ئىچىدە ساقلىنىپ، خۇدانىڭ نەزىرىدە باي ئادەمگە ئايلىنالايمىز.

# ئىككىنچى باب

## بۇ ئادەم بەختلىكتۇر

«گۇناھلىرى كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن، خاتالىقلىرىغا
كەڭچىلىك قىلىنغان ئادەم نەقەدەر بەختلىك-ھە!
قەلبىدە ھىيلە-مىكرىسى يوق، خۇدا تەرىپىدىن
گۇناھ بېكىتىلمىگەن ئادەم نەقەدەر بەختلىك-ھە!»
(«زەبۇر» 32-باب، 1-، 2- ئايەت).

دۇنيادىكى ھەر قانداق ئادەم بەختنى قوغلىشىدۇ. زادى قانداق بولغاندا بەختلىك بولغىلى بولىدۇ؟ پۇلى، ئورنى بولسىمۇ؟ ياكى ياخشى ئېرى، ياخشى خوتۇنى بولسىمۇ؟ بەلكىم بۇلارمۇ مەلۇم نۇقتىدىن بەخت بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق بولۇپ قالىسچۇ؟

«پەندى-نەسىھەتلەر» 10- باب، 22- ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«خۇدا ئاتا قىلغان بەخت كىشىنى باي قىلۇر، خۇدا
ھەم بۇنداق بەختكە غەم- ئەندىشە قوشماس».

دۇنيادىكى نۇرغۇن بەختلەرنىڭ كەينىگە غەم-قايغۇ ئەگەشكەن. لېكىن، خۇدا ئاتا قىلغان بەختنىڭ غەم-قايغۇسى يوق. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت ھېسابلىنىدۇ.

بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇن بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كىرىمى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا ئاران يېتەتتى. كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى بۇرۇنقىدىن ياخشىلاندى. بانكىدا پۇلىمۇ بولدى ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاستا-ئاستا باي بولدى. قارىماققا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەمدەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەر دائىم مېھماندارچىلىقنى باھانە قىلىپ، يېرىم كېچىگىچە ئۆيگە كىرمەس بولۇۋالدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بۆلۈنگەنىدى. ئايال بولسا ھەر كۈنى ماجاڭ ئويناپ، ئېرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق ھېسسىياتى كۈندىن-كۈنگە ناچارلاشتى. ئاخىردا ئۇلار تىجارەتتىمۇ زىيان تارتتى، ئائىلىسىمۇ بۇزۇلدى. ئىككىسى ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ، چەكسىز خۇرسىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىشىپ كەتتى. پۇل كۆپ بولسا، ھەقىقەتەن بەختلىك بولغىلى بولامدۇ؟ شۇنداق، بەختلىك بولغىلى بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ غەم-قايغۇسىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ. بىخەتەر بولمىغان يوشۇرۇن خەۋپ بۇ خىل تاشقى جەھەتتىكى بەختنىڭ

كەينىگە چۈشكەن بولىدۇ.
يەنە بىر ئايال بار ئىدى، ئۇ ئەللىك ياشقا توشماي تۇرۇپ نەۋرىلىك بولدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى بەختلىك ئايال، دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇ نەۋرىسىدىن پەخىرلىنەتتى. لېكىن، بۇ بالا چوڭ بولغانسېرى چوڭ ئانىسىغا كۆيۈمسىز چىقىپ قالدى. ئۇ چوڭ ئانىسىنى ياقتۇرمايتتى. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ جاپا چېكىپ تاپقان پۇلىغا ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئوغلىغا مىراس قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئوغلى بەختكە قارشى بالدۇر تۆگەپ كېتىپ، بۇ ئۆي نەۋرىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئايالنىڭ نەۋرىسى ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇ ئايال ئۆز نەۋرىسىدىن پەخىرلەنمەيدىغان بولدى. ئۇ دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى. . . ئۇنداقتا، نەۋرىلىك بولۇش بەخت ھېسابلىنامدۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. بىراق، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق غېمى بار.
دۇنيادىكى نۇرغۇن بەختنىڭ كەينىگە كىشىنى غەم-ئەندىشىگە سالىدىغان خەتەر يوشۇرۇنغان. كىشىلەرگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەرمەيدۇ. ئۇنداقتا، بۇ دۇنيادا غەم-ئەندىشىسىز بەختنى تاپقىلى بولامدۇ؟ مۇشۇنداق بەخت زادى مەۋجۇتمۇ؟ بۇنداق بەخت ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. خۇدا «مۇقەددەس كىتاب»تا بىزگە كۆرسەتكەن ھەم ئاتا قىلغان بەخت ماددىي جەھەتتىكىلا بەخت ئەمەس، بۇ بەختنى ھەم پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. تۆۋەندە بىز «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە تونۇشتۇرغان، خۇدا بىز ئۈچۈن تەييارلىغان، شۇنداقلا بىزمۇ ئېرىشەلەيدىغان بىر قانچە بەخت ئۈستىدە توختىلىمىز.

1 . كەچۈرۈمگە ئېرىشىش بەختى

خۇدانىڭ بىزگە ئىلتىپات قىلغان بەخت-سائادەتلىرىنىڭ بىرىنچىسى گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىشىدۇر. داۋۇت پەيغەمبەر تارىختىكى ئەڭ نامدار بىر پادىشاھ ئىدى، ئۇ بەكمۇ دۆلەتمەن ئادەم بولۇپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەممە راھەت- پاراغەتتىن بەھرىمان بولالىغان. ئۇ ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ يەنە مۇزىكانت ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ يەنە ئۇتۇق قازانغان سىياسىيون، ھەربىي ئىشلار ئالىمى ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئۆزىدىكى راھەت-پاراغەتنى، بايلىقنى بەخت دەپ ھېسابلىماي، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىشنى ھەقىقىي بەخت دەپ ھېسابلىغان. چۈنكى، گۇناھ دەل ئىنسانىيەتنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ يىلتىزى.
پۇلسىزلىق، بىلىمسىزلىك ۋە ھوقۇقسىزلىق ئازابنىڭ ھەقىقىي يىلتىزى

ئەمەس. ئەگەر كەمبەغەلچىلىك ئىنسانىيەت ئازابلىرىنىڭ سەۋەبى بولىدىغان بولسا، بايلار خۇشال-خۇرام ياشىسا بولاتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بىزگە مەلۇمكى، پۇلدار كىشىنىڭ قايغۇسى كەمبەغەللىنىڭكىدىن تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئادەم ھالاۋەت كۆرگەنسېرى، دوست-بۇرادەرلىرى كۆپ بولغان بىلەن جاپا-مۇشەققەت تارتقان چاغدا دوستلار ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان نۇرغۇن ئەر-خوتۇنلار راھەت-پاراغەتتىن ئورتاق بەھرىمان بولالمايدۇ.

ئەگەر بىلىم ۋە تەربىيىنىڭ كەمچىللىكىنى ئازابنىڭ مەنبەسى دەيدىغان بولساق، ئالىي بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئازابى بولمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئالىي بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئازابى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. ئۇلار دائىم ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ھوقۇقنىڭ بولماسلىقى ئازابنىڭ سەۋەبىمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇلار سەۋەب بولالمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بارلىق ئەمەلدارلار خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئازابىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تىن بىز ئىنسانلاردىكى ھەقىقىي ئازابنىڭ پۇلسىزلىقتا، بىلىمسىزلىكتە، مەرتىۋىنىڭ بولماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى گۇناھكار بولغانلىقىمىزدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. «زەبۇر» 32-باب، 3-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن :

« مەن ئېغىزىمنى يۇمۇۋېلىپ، گۇناھلىرىمنى ئىقرار
قىلمىغان چاغلىرىمدا، كۈن بويى يىشىم قۇرۇماي،
پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىدۇ».

ئەگەر قەلبتە ھەسەت قىلىش گۇناھى بولسا، ھەسەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئازاب شەكىللىنىدۇ-دە، باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزدىن ئېشىپ كەتكىنىنى كۆرسەك، بىئاراملىق ھېس قىلىمىز. ھەسەت قىلىش رەزىل سۈيىقەستنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قارشى تەرەپكە زىيانكەشلىك قىلدۇرىدۇ. ئاندىن، قارشى تەرەپمۇ بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن كۆپ پالاكەتچىلىكلەرگە دۇچار بولىمىز.

ئەگەر قەلبتە مەغرۇرلىنىش گۇناھى بولسا، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىمىزنى ئۈستۈن تۇتىدىغان بولۇپ قالىمىز. باشقىلار بىلەن ئاسانلا زىددىيەتلىشىپ قالىمىز. باشقىلارنىڭ ئازراقلا سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ

قالغۇدەك بولساق، ئازابلىنىپ باشقىلاردىن رەنجىپ يۈرىمىز. مانا بۇ ئازابلار نەدىن كېلىدۇ؟ بۇلار دەل گۇناھ سەۋەبىدىن كېلىدۇ.

ئاچكۆزلۈك بىزدە ئەجىر قىلماي، پۇلغا ئېرىشىشنى ۋە باشقىلارغا تەئەللۇق بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىمۇ تارتىۋېلىش غەرىزىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قەلبتە ئاچكۆزلۈك بولسا، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولمايدۇ.

دېمەك گۇناھ ھەر خىل ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ يىلتىزىدۇر. ئەگەر ئادەم ئەيسا مەسىھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا، گۇناھىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشسە، ئۇنىڭ قەلبىدە تېنچلىق ئورۇن ئالىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى كەچۈرۈمگە ئېرىشىش بەختىدۇر. بۇ بەخت-سائادەتنى خۇدا ئەيسا مەسىھ ئىچىدە ئىنسانلارغا تەييارلىغان. داۋۇت پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:

«گۇناھلىرى كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن، خاتالىقلىرىغا كەڭچىلىك قىلىنغان ئادەم نەقەدەر بەختلىك-ھە! قەلبىدە ھىيلە-مىكرىسى يوق، خۇدا تەرىپىدىن گۇناھلىرى بېكىتىلمىگەن ئادەم نەقەدەر بەختلىك-ھە!»

## 2. مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش بەختى

خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بەخت-سائادەتلىرىنىڭ ئىككىنچىسى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتۇر. «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھالاك بولماي مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىششى ئۈچۈن، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 16-ئايەت).

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان مەڭگۈلۈك ھاياتلىق دەل مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ھاياتىدۇر. مەڭگۈلۈك خۇدادىن تۇغۇلغانلار مەڭگۈلۈك بولغان خۇدانىڭ ھاياتىغا ئېرىشەلەيدۇ. « يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 12-، 13- ئايەت بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ

ھەممىسگە ئۇ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇش
ھوقۇقىنى بەردى. بۇلار يا قاندىن، يا جىنسىي
تەلەپتىن، يا ئىنسان ئىرادىسىدىن ئەمەس، بەلكى
خۇدا تەرىپىدىن تۇغۇلدى».

دېمەك، خۇدادىن تۇغۇلغان ئادەم خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك بولغان خۇدانىڭ ھاياتى بولىدۇ، يەنى ئۇنداق ئادەم مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان مەڭگۈلۈك ھايات دېگىنىمىز بىز ئۇزۇن ياشايمىز ياكى ئۆلمەيمىز دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىدىغان تېنىمىز مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بولسا، بۇ بەخت ئەمەس، بەلكى بىر ئاپەت بولىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، بەدىنىمىز كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ چىشلىرىمىز قالمىسا، كۆزلىرىمىز خىرەلىشىپ، قۇلاقلىرىمىز ئېغىرلاشسا، ئۆلمەسلىكنى قانداقمۇ بەخت دېگىلى بولىدۇ؟ «مۇقەددەس كىتاب»تا ھەرگىزمۇ بۇنداق بەختكە ئىجازەت يوق.

ئىنسان گۇناھ ئىچىدە ئاللىقاچان رەزىللەشكەچكە، ھازىر بىزنىڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنىمىز مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ھاياتىنىڭ قەلبىمىزدە بولۇشىدۇر. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلساق مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ھاياتىدىن بەھرىمان بولۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتى بولالايمىز؟ «مۇقەددەس كىتاب» بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ
خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇش ھوقوقىنى بەردى».

## 3. ئامانلىق ئاتا قىلىنىش بەختى

ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە ئامانلىق قالدۇرىمەن، ئۆز ئامانلىقىمنى
سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن. مېنىڭ سىلەرگە تەقدىم
قىلغىنىم بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىنىڭ سىلەرگە
بەرگىنىگە ئوخشىمايدۇ. كۆڭلۈڭلارنى بىئارام
قىلماڭلار، قورقماڭلار» («يۇھاننا بايان قىلغان
خۇش خەۋەر» 14-باب، 27-ئايەت).

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»11-باب، 28-ئايەت).

بۇ دۇنيادا ئەڭ كەمچىل بولۇۋاتقان نەرسە دەل ئامانلىق. گەرچە ئىلىم-پەن كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت بىلەن دۆلەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەمدىمۇ ئەڭ كەم نەرسە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولۇۋاتىدۇ. باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن پەخەس بولۇشىدۇ، چۈنكى ھېچكىمدە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى يوق. سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن خاتىرجەمدەك كۆرۈنگەن بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلبى ناھايىتى قالايمىقان ۋە ئەنسىز بولىدۇ. ھەر كۈنى ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى قوغلاشقۇسى كېلىدۇ يۇ، ئەمما ئۆزىگە زادى نېمىنىڭ كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قەلبى خۇددى بىر قارىغۇ ئاتقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قارىغۇلارچە ئېتىلىپ، ئۈسسۈپ، توختىماي چاپىدۇ. بىراق، نىشانى تاپالماي مەڭگۈ ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆتۈپ، مەڭگۈ خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ.

سىز ھەقىقىي خاتىرجەملىككە ۋە تىنچلىققا ئېرىشىشنى ئويلاپ باققانمۇ؟ بۇ خىل خاتىرجەملىكنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى ياكى ھوقوق-مەرتىۋىگە تىگىشكىلى، ھەتتا بىلىم-قابىلىيەت ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ھەقىقىي خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا پەقەت ئەيسا مەسىھنى سەممىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ نىجاتكارى قىلغان ئادەملا ئېرىشەلەيدۇ.

## 4. ھەقىقانىيەت ئۈچۈن ئازاب چېكىش بەختى

ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەقىقانىيەت ئۈچۈن ئازاب چەككەن ئادەم بەختلىكتۇر، چۈنكى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭكى. كىشىلەر ئەگەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن سىلەرنى ھاقارەتلىسە، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلسا،

ھەر خىل يامان سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ سىلەرگە
تۆھمەت قىلسا، بۇ سىلەرنىڭ بەختىڭلار».

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بەخت-سائادىتى ھەممە ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىماسلىقنى ئەمەس، بەلكى بىزنى تاۋلاپ، بىزنى ئۆزىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالدۇرۇپ، بىزگە قىيىنچىلىقتا جۈرئەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىشتۇر.

يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، ئەيسا مەسىھنىڭ بىزگە ئىلتىپات قىلغىنى قىيىنچىلىققا مۇتلەق ئۇچرىماسلىق بەخت-سائادىتى ئەمەس. خۇدا بىزگە كاپالەت بېرىدۇكى، بىز چوقۇم خاتىرجەملىكتە ئېرىشىمىز، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن مۇتلەق غالىپ كېلەلەيمىز. مانا بۇ ھەقىقىي بەختتۇر.

ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش ھاياتى ھەرگىزمۇ پاسسىپ، قورقۇنچاق، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ھايات ئەمەس، بەلكى بەھرىمان بولۇۋاتقان ماددىي مەنپەئەتتىن ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋاز كېچەلەيدىغان روھقا ئىگە، ھەقىقەت ۋە خۇش خەۋەر ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدىغان ھايات. توغرا ئىش قىلغۇچىلار باشقىلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغايدۇ، توغرا يولدا ماڭغۇچىلار دائىم تۆھمەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ دۇنيادا جەننەتكە بارىدىغان يولغا مېڭىش جۈرئەتلىك قەدەملەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن، ئاساسسىز تۆھمەتلىرىدىن قورقماسلىقىمىز لازىم. بۇ خىل غەيرەت-شىجائەت تاياق يېيىشتىن قورقماسلىقتىنمۇ قىممەتلىكتۇر. بىزدە چوقۇم ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان يولدا مېڭىشقا جۈرئەت بولۇشى كېرەك. باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى بەلگىلەيدىغان ئادەملەر ئەڭ ئاجىز ۋە بىچارە ئادەملەردۇر. ئەگەر سىزدە بۇ خىل غەيرەت ۋە جۈرئەت بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئېتىقادىنى يەنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىڭىز، سىز ھەقىقىي بەختكە مۇيەسسەر بولغان بولىسىز.

# ئۈچىنچى باب

## خۇش خەۋەردىكى «ئەمەس» ۋە «شۇ»

«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«خۇدانىي سۆيگەنلەرگە ئۇنىڭ تەييارلىغانلىرى دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان، ھېچقانداق ئادەم ئويلىمىغان نەرسىلەردۇر» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 2-باب، 9-ئايەت).

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇتقۇزۇلۇشنىڭ پۈتكۈل پىلانى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەل نەتىجىسى ئىنسان تەپەككۇرى ئويلاپ چىقالايدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ھەم ئىنسانلار تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تېپىپ چىققان دۇنيانى قۇتقۇزۇش يولىمۇ ئەمەس. ئۇ ھەم بىر غايىمۇ ئەمەس. ئىنسانىيەت كۆرەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان، ئويلىيالايدىغان نەرسىلەر ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى دائىرىسىدە بولىدۇ. ئەمما، قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتى بۇ دۇنيانىڭ «مەھسۇلاتى» ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھيىسى ۋە ئىلتىپاتىدۇر.

مانا بۇ ئاجايىپ ۋە ئۇلۇغ قۇتقۇزۇلۇش پۈتۈن ئىنسانلارغا نىسبەتەن بىر خۇش خەۋەر. كىشىلەر خۇش خەۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكرى بويىچە ناھايىتى تار مەنىدە چۈشەنسە توغرا بولمايدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى بىلەن قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەيمىز. بىز پەقەت خۇش خەۋەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خۇدانىڭ سۆزلىرى بويىچە چۈشىنىشىمىز ھەم خۇدا كۆرسەتكەن يول بىلەن خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىققا ئېرىشىشىمىز لازىم.

1. خۇش خەۋەر تولۇقلاپ قۇتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى تەلتۆكۈس قۇتقۇزۇشتۇر

«قارا تەنلىك ئادەم ئۆز تېرىسىنىڭ رەڭگىنى

ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ قاپلان ئۆز تېرىسىدىكى داغلارنى يوق قىلىۋېتەلەمدۇ؟ شۇنداق قىلغىلى بولىدىغان بولسا، يامانلىق قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلغان بولاتتىڭلار» («يەرەميا» 13-باب، 23-ئايەت).

«ئىنسان قەلبى ھەممىدىن ھىيلە-مىكىرلىك بولۇپ، ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان، كىممۇ ئۇنى بىلەلىسۇن؟» («يەرەميا» 17-باب، 9-ئايەت).

«ئىنسانئوغلى ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19-باب، 10-ئايەت).

خۇش خەۋەر تولۇقلاپ قۇتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى تەلتۆكۈس قۇتقۇزۇشتۇر. چۈنكى، تولۇقلاپ قۇتقۇزۇش ئىنسانلار ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمايدۇ ئەمەس، لېكىن يەنىلا كەم جايلار بار، پەقەت ئازراق تولۇقلانسىلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئەگەر بىز مۇشۇنداق كۆز قاراش بىلەن ئەيساغا ئىشەنسەك، ئەيسانى نىجاتكارىمىز قىلماي، بەلكى ئۇنى «تولۇقلىغۇچى ئۇستاز» قىلىۋالغان بولىمىز. لېكىن، خۇش خەۋەرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئىنسانلار بىلەن خۇدانىڭ ئۆلچىمى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەكمۇ يىراق، دەپ قارايدۇ. «ئىنسان قەلبى ھەممىدىن ھىيلە-مىكىرلىك بولۇپ، ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان» بولۇپ، ئۇنى ئىنسانلار تۈزىيەلمەيدۇ. يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ھەممىمىز ناپاك ئادەملەرمىز، بىزنىڭ بارلىق پاكلىقىمىز مەينەت كىيىمگە ئوخشايدۇ» («يەشايا» 64-باب، 6-ئايەت).

ئەگەر بىزنىڭ پاكلىقىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا مەينەت كىيىمچىلىك بولسا، گۇناھلىرىمىزدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، بىزنىڭ كىيىملىرىمىز چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ يامىغۇسىز ھالەتكە يەتتى. شۇڭا، بىز يېڭى بىر كىيىمگە موھتاجمىزكى، كونىسىغا ياماق سېلىشقا موھتاج ئەمەسمىز.

«مۇقەددەس كىتاب» يەنە قارا رەڭلىك تېرە ۋە قاپلاننىڭ تېرىسىنى

مسال قىلىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنسان ئۇنى چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ موھتاج بولغىنى تولۇپ يىلتىزىدىن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششتۇر. شۇڭا، ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانئوغلى ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى.» دېمەك، ئەيسا مەسىھ بىزگە يېڭى كىيىم كىيدۈرۈشكە، يەنى بىزنى تەلتۆكۈس قۇتقۇزۇشقا كەلدى.

## 2. خۇش خەۋەر ياردەم ئەمەس، بەلكى ئورنىنى ئېلىشتۇر

> «ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەيسا مەسىھ گۇناھ قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئازاب-ئوقۇبەت چېكىپ، ھەممىمىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش مەقسىتىدە بىز گۇناھكارلارنىڭ ئورنىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق قۇربانلىق قىلىنىشى بىلەن، بارلىق گۇناھلىرىمىز يۇيۇلدى» («پېترۇس يازغان 1-خەت» 3-باب، 18-ئايەت).

نۇرغۇن ئادەملەر ئەيساغا ئىشىنىش كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق كۆز قاراش يەنىلا يۇقىرىقى كۆز قاراشقا ئوخشاش، ئىنسانلار ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزالايدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل خاتا كۆز قاراش قۇتقۇزۇلۇش يەنىلا ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ بەلكىم ئىنسانلاردىكى يۈزەكىي قاراش بولۇپ، ھەرگىزمۇ خۇش خەۋەرنىڭ ھەقىقىتى ئەمەس.

خۇش خەۋەرنىڭ ھەقىقىتى ئىنسان ياخشىلىق قىلىشقا ئامالسىز، دەپ قارايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى خىزمەتچىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا، باشقا بىر خىزمەتچىنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىز بۇيرۇغان خىزمەتچى ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىغا يېتىشىپ بولالمىسا، ئۇنداقتا سىزنىڭ قىلىدىغىنىڭىز قابىلىيەتسىز خىزمەتچىنىڭ ئورنىغا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يېڭى خىزمەتچىنى ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھنى ئەۋەتىشى گۇناھكارلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەمەس، بەلكى پاكنى ناپاكنىڭ ئورنىغا

ئالماشتۇرۇپ، گۇناھكارلارنى ئەيسا مەسىھنىڭ تۆلىگەن بەدىلى سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇشتۇر.

ھەزرىتى ئەيسا پەقەت ئاللىقاچان ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكۈچىلەرگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا خۇدانىڭ نامىنى ئۇلۇغلىشى، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششىگە ياردەم قىلمايدۇ. چۈنكى، قۇتقۇزۇلۇش مەسىلىسىدە ئادەم ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. داۋۇت پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ:

> «مەن ئېرىشىدىغان ياردەم پەقەتلا ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى خۇدادىنلا كېلىدۇ» («زەبۇر» 121-باب، 2-ئايەت).

پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ:

> «ئەگەر خۇدا بىزگە ياردەم بەرسە، بىزگە كىممۇ قارشى چىقالىسۇن».

ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇداغا ئاللىقاچان ئېتىقاد قىلغان ئادەملەر ئىدى. بىر قېتىم، بىرەيلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ يېنىغا كېلىپ:

> «مەن ئېتىقاد قىلىمەن، لېكىن ئىشەنچىم يېتەرلىك ئەمەس، ماڭا ياردەم قىلغىن، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ» («مارقوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 9-باب، 24-ئايەت).

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدە ئىشەنچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلسا، ھەزرىتى ئەيسادىن ياردەم سورىسا بولىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئادەم ئەيساغا: «مەن ئۆزۈمنى ئازراق قۇتقۇزدۇم، قالغىنىغا سىز ياردەم قىلىڭ» دېسە بولمايدۇ بۇ ھەرگىزمۇ خۇش خەۋەر بولالمايدۇ. خۇش خەۋەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۆلىگەن بەدىلىنى ۋە بىزگە كۆرسەتكەن قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

3. خۇش خەۋەر كۆرۈنۈشتە ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا ھاياتلىق بېرىشتۇر

> «مەن سىلەرگە يېڭى قەلب ئاتا قىلىپ، يېڭى روھنى قەلبىڭلارغا تۆكىمەن . . .» («ئېزەكىيال» 36ـ باب، 26ـ ئايەت).

خۇش خەۋەر ئادەمنى پەقەت كۆرۈنۈشتىلا ئاق كۆڭۈل قىلىپ تەربىيلىمەيدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئادەم كۆرۈنۈشتە مۇلاھىم، ئەدەپلىك بولسا بۇ ئەلۋەتتە قوپال ۋە قالاق بولغاندىن ياخشى. لېكىن، كۆرۈنۈش جەھەتتىكى ياخشىلىق قەلبتىكى ياخشىلىق ئەمەستۇر. ئىچى زەھەرخەندىلىك بىلەن تولغان ئادەملەرمۇ كۆرۈنۈشتە ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولالايدۇ. ئەڭ ياخشى تەربىيمۇ پەقەتلا كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھەرگىزمۇ كىشىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى، تەلىم-تەربىيىنىڭ بېرەلەيدىغىنى پەقەت بىلىم، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق بولۇپ، كىشىلەرگە ھاياتلىق بېرەلمەيدۇ.

بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان خۇش خەۋەر خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

« ياخشى دەرەخ ياخشى مېۋە بېرىدۇ».

خۇش خەۋەرنىڭ قىلىدىغىنى يامان دەرەخنى ياخشى دەرەخكە ئۆزگەرتىشتىنۇر، يەنى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ھاياتنى يېتىلدۈرۈشتۇر. بۇ يېڭى ھاياتلىق تەبىئىي ھالدىلا ياخشى مېۋە بېرىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ياخشى مېۋىنى يامان دەرەخكە ئۇلاش بىلەن دەرەخنىڭ ئۆزىنى ياخشى دەرەخكە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. دېمەك ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق ئالىي تەربىيمۇ ماھىيەت جەھەتتىن يامانىنى ياخشىغا ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«يول، ھەقىقەت، ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن»

سىز ھاياتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىنى خالامسىز؟ «مۇقەددەس كىتاب» مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر كىمدەكىم مەسىھنىڭ ئىچىدە بولسا، ئۇ دەل يېڭى ئادەم» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 2-خەت» 5-باب، 17-ئايەت).

## 4. خۇش خەۋەرگە ھەرىكەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلتىپاتقا تايىنىپ ئېرىشكىلى بولىدۇ

«سىلەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئۆزۈڭلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپاتتۇر. سىلەر ھەرگىز ساۋابلىق ئىشلار بىلەن قۇتقۇزۇلغان ئەمەس، شۇڭا سىلەرنىڭ ماختىنىشقا ھەققىڭلار يوق» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب، 8-، 9- ئايەت).

ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە تايىنىش مەلۇم دىنىي قائىدە-يوسۇنلار، ئايەت ئوقۇش، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىش ۋە كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش قاتارلىقلارغا تايىنىشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشتۇر. «مۇقەددەس كىتاب» بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشىمىز خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن كەلگەن، دەپ ناھايىتى ئېنىق ئېيتىدۇ. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، كىشىلەر خۇش خەۋەرنىڭ خاسلىقىغا ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە بولمايدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشسە، قۇتقۇزۇلۇش ياكى قۇتقۇزۇلماسلىق ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئىنسان خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشسە، قۇتقۇزۇلۇش ياكى قۇتقۇزۇلماسلىق خۇداغا باغلىق بولىدۇ. ئۆزىگە تايىنىشنىڭ نەتىجىسى كىشىلەرنى تېخىمۇ مەغرۇرلاندۇرىدۇ. خۇداغا تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشنىڭ نەتىجىسى خۇدانىڭ رەھىمدىللىكىگە تايىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ كەمتەرلىك بىلەن خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆزىگە تايىنىپ گۇناھتىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلىكىگە نىسبەتەن تازا

ئىشەنچ قىلالمايدۇ. مۇنداق بولغاندا، خۇداغا يېقىنلاشسا قۇتقۇزۇلىدۇم، دەپ ئويلىشى؛ خۇدادىن يىراقلاشسا قۇتقۇزۇلغانلىقىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ قۇتقۇزۇلغان ئادەم خۇدانىڭ ۋەدىسىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان قۇتقۇزۇلغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ. چۈنكى، خۇدانىڭ ۋەدىسى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆز ھەرىكىتىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشمەن دېگۈچىلەر ئاخىرى ھالاك بولىدۇ، پەقەتلا خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايانغۇچىلار قۇتقۇزۇلىدۇ.

ئۇنداقتا، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش قانداق بولىدۇ؟ «ئىلتىپات»نىڭ مەنىسى نېمە؟ تۆۋەندە «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ «ئىلتىپات»قا بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا قاراپ باقايلى:

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب، 4-، 5- ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئەمگەك قىلغۇچىغا بېرىلگەن ھەق سوۋغات ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق بۇ ھەققە ئېرىشتى. لېكىن، بىر ئادەم خۇدا تەرىپىدىن ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلانغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېتىقادىدىن بولغان. چۈنكى، ئۇ ئادەم گۇناھكارلارنى ھەققانىي ئادەم دەپ جاكارلىغۇچى خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ»

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 11-باب، 6- ئايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

> «بۇلارنىڭ تاللىنىشى ئۆزلىرى قىلغان ساۋابلىق ئىشلار بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن بولغان، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ مېھىر-شەپقەتنى مېھىر-شەپقەت دېگىلى بولمايتتى»

شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇش خەۋەر ھەرىكەتكە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇش ئەمەس ھەم يېرىم ھەرىكەتكە، يېرىم ئىلتىپاتقا تايىنىشمۇ ئەمەس، ياكى يېڭى ئىشەنگەن چاغدا خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ، ئىشىنىپ بولغاندىن كېيىن

ئۆزىنىڭ ئىرىشچانلىقىغا تايىنىپ داۋاملاشتۇرۇشمۇ ئەمەس. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ خۇش خەۋەر بولالمايدۇ. ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش قايتىدىن ياخشى ئادەم بولۇش ياكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياخشى ئادەم بولۇش ئەمەس. ئەگەر ئىنسان ئاپىسىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ، قايتا تۇغۇلالىغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا بولىدۇ. بۇرۇنقىدىن ياخشى بولدىمۇ دەيلى، يەنىلا خۇدانىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلمەي ھالاك بولىدىغان گەپ. ئەگەر بىز ئىنسانىيەت دۇنياسىغا خاس بولغان تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى تاشلاپ، خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن بىكاردىن-بىكار ھەققانىي بولدۇق».

## 5. خۇش خەۋەر ئۆزلۈكىدىن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىشتۇر

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت » 1-باب، 16-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەردىن نومۇس قىلمايمەن، چۈنكى بۇ خەۋەر ئارقىلىق خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئايان بولۇپ، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ھەر بىر كىشى قۇتقۇزۇلىدۇ. بۇ خۇش خەۋەر ئاۋۋال يەھۇدىيلارغا، كېيىن يەھۇدىي ئەمەسلەرگە تارقىتىلغان».

خۇش خەۋەر خۇدانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەم بەھرە ئالسا بولىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئادەم خۇدانىڭ بۇ قۇدرەتلىك قۇتقۇزۇشىغا ئۆزلۈكىدىن ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت «ئېتىقاد قىلغۇچىلار»لا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.

«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر » 3-باب 16-ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىغا ئېتىقاد

> قىلغانلارنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى»

دېمەك، بارلىق ئېتىقادچىلار ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

خۇدا نېمە ئۈچۈن بارلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزۇپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنمىگەنلەرنى قۇتقۇزمايدۇ؟ مۇشۇنداق بولسا، خۇدانى ئادىل دېگىلى بولامدۇ؟ بىز ئەلۋەتتە خۇدانى ئادىلەتسىز، دېيەلمەيمىز. شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، خۇدا ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەۋەتكەن. «تىمۇتىيغا يېزىلغان 1-خەت» 1-باب، 15- ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ئەيسا مەسىھ گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى دېگەن سۆزلەر ھەقتۇر. ئۇنى قوبۇل قىلىشقا پۈتۈنلەي ئەرزىيدۇ».

بارلىق گۇناھكار ئىنسانلار خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئوبيېكتىدۇر، ئەمما بارلىق گۇناھكار ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلمايدۇ، پەقەتلا ئەيسا مەسىھنى نىجاتكارى قىلغان ئادەملا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.

مەسىلەن، بىز زەھەرلىك باكتېرىيەدىن يۇقۇملانغان بىمارلار بار دەيلى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دورىدا داۋالاشنى قوبۇل قىلغان ئادەم ساقىيالايدۇ، ئالاھىدە دورىدا داۋالاشنى رەت قىلغان ئادەم ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئادىللىق ياكى ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى بىمارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئۇناش ياكى ئۇنىماسلىق مەسىلىسىدۇر. گۇناھ دەل روھنى ئۆلتۈرگۈچى كېسەللىك باكتېرىيىسىدۇر. بۇ دۇنيا ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ باكتېرىيەدىن يۇقۇملانغان. خۇدا بۇ دۇنيا كىشىلىرىگە قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئاللىقاچان تەييارلىدى. خۇدا ئۆزىنىڭ يېگانە ئوغلى ئەيسا مەسىھنى بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلىنى تۆلەشكە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەققانىي ئادەم، دەپ جاكارلىنىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ يەتكۈزمەكچى بولغان خۇش خەۋىرىمىزدۇر.

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر، خۇدا خۇش خەۋەرنى ئاللىقاچان ئالدىمىزغا قويدى. سىزنىڭ ھازىر قىلىدىغىنىڭىز بولسا، باتۇرلۇق بىلەن ئىرادە باغلاپ، ئەيسا مەسىھنى سەممىيلىك بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ نىجاتكارى قىلىشىڭىزدا

قالدى. خۇدانىڭ ئىجازىتى مانا مۇنداق:

«دېمەك، ئەيسا مەسىھنىڭ رەببىڭ ئىكەنلىكىنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلساڭ ۋە خۇدانىڭ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىڭدىن ئىشەنسەڭ، قۇتقۇزۇلىسەن» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب، 9-ئايەت).

«پەرۋەردىگاردىن نىجاتلىق تىلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب، 13-ئايەت).

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتكە ئاساسەن دەرھال تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلىڭ:

1. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن رەب ئىكەنلىكىگە قەلبىڭىزدىن ئىشىنىڭ

2. سەمىمىيلىك بىلەن دۇئا قىلىپ، قەلبىڭىزنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى نىجاتكارىم دەپ قوبۇل قىلغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭ. بىر سەمىمي ئېتىقادچى بولۇڭ.

3. ھەزرىتى ئەيسانى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىڭ ھەم سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشكە تەييار بولۇپ، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قوشۇلۇڭ.

# تۆتىنچى باب

## ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەر داۋۇت مۇنداق دېگەندى:
«كۈچلۈك شىرنىڭمۇ يەيدىغىنى يوق ئاچ قالىدىغان
چاغلىرى بولىدۇ، لېكىن خۇدانى ئىزدىگەن ئادەمدە
ھەرقانداق ياخشىلىق كەم بولۇپ قالمايدۇ» («زەبۇر»
34ـ باب، 10ـ ئايەت).

شىر ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قاۋۇل ھايۋان بولسىمۇ، يەنىلا بەزى چاغلاردا ئاچ قالىدۇ. «خۇدانى ھۆرمەتلىگەن ئادەم»، يەنى ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ئادەمنىڭ ھېچقانداق نەرسىسى كەم بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، شىرنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئۆزىنىڭ ھەۋەسلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىدۇر. ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە زوراۋانلىقىغا تايىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىزدىشىدىغىنىمۇ ماددىي ۋە تەن جەھەتتىكى قاندۇرۇلۇش بولىدۇ. ئەگەر ئادەممۇ شىرغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ھوقوقى ۋە كۈچىگە تايىنىپ ئۆز ھەۋەسلىرىنى قاندۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭمۇ خۇددى شىرغا ئوخشاش«يەيدىغىنى يوق، ئاچ قالىدىغان» ۋاقىتلىرى بولىدۇ.

### 1. ئارزۇـ ھەۋەسلەرنى قاندۇرۇش تەس

بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئارزۇـ ھەۋەسلىرىنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئەمما بىز تەمىنلىنىدىغان نەرسىلەر چەكلىك. گەرچە شىرنىڭ نېمە يەيمەن دېسە شۇنى يېيەلەيدىغان كۈچ ـ قۇدرىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قورسىقى بىرلا قېتىم يېيىش بىلەن مەڭگۈ توق تۇرمايدۇ. گاھىدا ئۇ يەيدىغان ئوزۇق تاپالماي قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ گەرچە شۇنچە كۈچلۈك بولغان بىلەن تۇتۇپ يەيدىغان نەرسىلەرنى ھەر ۋاقىت تاپالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ بەزى چاغلاردا ئاچ يۈرمەي ئامالى يوق.

ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنىلا قوغلاشسا، يېتەرلىك پۇلى، ھوقوقى، قابىلىيىتى بولۇپ، ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشمەن دەپ ئېرىشەلىگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئادەم ئۈمىدسىزلىنىش، ئازاب، روھىي

چۈشكۈنلۈك، قانائەتلەنمەسلىك ۋە كىشلىك ھاياتتىكى ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئارزۇ-ھەۋەس بىرلا قېتىم قاندۇرۇلۇش بىلەن مەڭگۈلۈك قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. بىرلا قېتىم قورساق تويۇش بىلەن مەڭگۈ تاماق تەلەپ قىلمايدىغان ئىش يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنى قانائەتلەندۈرىدىغان نەرسىلەر بىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئىنسانلار موھتاج بولىدىغان قاندۇرۇلۇش پەقەت تەن جەھەتتىن بولۇپلا قالماي، يەنە روھ ۋە ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردىنمۇ بولىدۇ. بۇلارنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئىلىم-پەن ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ماددىي بايلىقلارنى قوغلىشىپ، قەلبىنىڭ تىنچلىقىنىڭ قىممىتىگە سەل قارايدىغان، ماددىي بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەملەر بارغانسېرى رەھىمسىز بولۇپ كەتتى. ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئازابلار كۆپەيدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قاندۇرغىلى بولمايدىغان نەپس سەۋەبچى بولغان.

## 2. قەلبىنىڭ تىنچلىقى

خۇدانى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمنىڭ ھېچ نەرسىسى كەم بولمايدۇ. چۈنكى، خۇدانى ھۆرمەتلەش ئىنسانلارنىڭ تەن جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىشلا بولۇپ قالماي، يەنە ئىنسانلارنىڭ ئازابىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش بولىدۇ، يەنى ئىنسانلارنىڭ گۇناھ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولىدۇ. ئىنساننىڭ روھى قىممەتلىك ياقۇتقا ئوخشىسا، ئىنساننىڭ تېنى ياقۇت قۇتىسىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىز تېنىمىزگىلا ئەھمىيەت بېرىپ روھىمىزغا سەل قارىساق، ئېيتىڭچۇ، ياقۇتسىز قۇتىنىڭ نېمە قىممىتى بولىدۇ؟ روھ ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتى بولۇپ، تەن بولسا ۋاقىتلىق ھاياتتۇر. روھ تەننىڭ خوجايىنى. قەلبتە تىنچلىق بولسا، تەن جەھەتتە ئاۋارىچىلىقلار بولسىمۇ، يەنىلا خۇشال بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر قەلبتە تىنچلىق بولمىسا، گەرچە تېنىمىز راھەت-پاراغەتتە بولسىمۇ، يەنىلا ئازابلىنىدىغان گەپ. قەلبىمىزدە تىنچلىق بولسا، گەرچە بىز تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ ئۆتسەكمۇ، تۇرمۇشىمىز خۇشال-خۇراملىققا تولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، «خۇدانى ھۆرمەتلىگەنلەردە ھېچقانداق ياخشىلىق كەم ئەمەس».

ھەزرىتى ئەيسا ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجنى چەتكە قالدۇرغان

ئەمەس. ىبراق ئۇ ىبزگە مۇنداق دېگەن:

«سىلەر ئالدى بىلەن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە ئادىللىقىنى تىلەڭلار».

ئاندىن،

«بۇ نەرسىلەر سىلەرگە ئىلتىپات قىلىپ بېرىلىدۇ» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 33-ئايەت).

دېمەك، ئالدى بىلەن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەش ئارقىلىق تىنچلىققا ئېرىشىپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا، بۇ دۇنيادىكى مال-مۈلۈكىمىزنىڭ كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشى، تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ياكى ئېرىشكەن بەختلىرىمىز بىزنى پەقەتلا تېخىمۇ مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرگۈزۈپ، بىزنىڭ تۇرمۇشقا نىسبەتەن جەڭگىۋارلىقىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بىز خۇدانى ھۆرمەتلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماي، ماددىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويساق، مال-مۈلۈكىمىز زىيانغا ئۇچرىغاندا، ھەتتا بىر سوم ياكى بىر پۇڭ بولسىمۇ، شارائىتىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا يەنى ئازراقلا داۋالغۇش يۈز بەرسە، تۇرمۇشتىكى ئازابىمىز بەكمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماددىي تۇرمۇش ۋە شارائىتىمىزنىڭ ياخشىلىقى بىزنىڭ ئازابىمىزنى يەڭگىللىتەلمەيدۇ. قەلب تىنچلىقىغا قانداق ئېرىشىمىز؟ قانداق قىلغاندا گۇناھلىرىمىز كەچۈرۈلۈپ، قەلبىمىزدە تىنچلىق بولىدۇ؟ تۆۋەندە بىز ھەزرىتى ئەيسا ئېيتىپ بەرگەن مۇنۇ تەمسىلگە قۇلاق سالايلى:

«ئىككى كىشى دۇئا قىلىش ئۈچۈن مەركىزىي ئىبادەتخانىغا بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى پەرىسىي، يەنە بىرى باجگىر ئىكەن. پەرىسىي خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ مەغرۇرانە ھالدا: ‹ئى خۇدا! مەن باشقىلاردەك ئاچكۆز، ئالدامچى، زىناخورلاردىن بولۇپ قالمىغىنىمغا، بولۇپمۇ بۇ باجگىرغا ئوخشىمىغىنىمغا شۈكۈر. مەن ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن روزا تۇتىمەن ۋە پۈتۈن ئىش ھەققىمنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى

خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىمەن › دەپ دۇئا قىلىپتۇ. بىراق ھېلىقى باجگىر باشقىلاردىن نېرى ھالىدا ئىبادەتخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، مەيۈسلەنگەن ھالدا مەيدىسىگە ئۇرۇپ: ‹ئى خۇدايىم! مەن گۇناھكار. ماڭا رەھىم قىلغايسەن › دەپتۇ. ئاڭلاپ قويۇڭلاركى، خۇدانىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككىيلەندىن ھېلىقى پەرىسي ئەمەس، بەلكى باجگىر كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ئۆيگە قايتىپتۇ» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـباب، 9ـئايەتتىن 14ـئايەتكىچە).

دېمەك، خۇدانىڭ خالايدىغىنى سەمىمىيلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن گۇناھىنى تونۇشتۇر. ئەگەر بىز سەمىمىي قەلب بىلەن ھەزرىتى ئەيسادىن تىلىسەك، گۇناھلىرىمىز كەچۈرۈم قىلىنىپ تىنچلىقتا ئېرىشىمىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلساق، ئىشەنچلىك ۋە ئادىل خۇدا گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزنى بارلىق گۇناھلىرىمىزدىن پاك قىلىدۇ» («يۇھاننا يازغان 1ـ سالام خەت» 1ـباب، 9ـئايەت).

# بەشىنچى باب

## «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىشىنىشكە بولامدۇ-بولمامدۇ؟

خرىستىئان دىنىنىڭ تەلىمى پۈتۈنلەي «مۇقەددەس كىتاب»نى ئاساس قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكى خرىستىئان دىنىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىدۇر. شۇنداق ئىكەن، «مۇقەددەس كىتاب» زادى ئىشەنچلىكمۇ؟ تۆۋەندە بىز بىر نەچچە مەسىلىنى كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنماقچى.

### 1. «مۇقەددەس كىتاب» سەمىمىيلىك بىلەن خاتىرىلەنگەن خاتىرىلەردۇر

بىر ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك، ئىشلەتكەن ئىبارىلىرىنىڭ ئېسىللىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ياكى ھەقىقىي ئەمەسلىكىدە. سايلام رىقابىتىگە قاتناشقۇچى سايلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. سايلىنىۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ ۋەدىلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ راست گەپ قىلمىغان. ئۇنىڭ ۋەدىلىرى پەقەتلا كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈنلا بولغان. بەزىلەر باشقىلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئاڭلىماققا بۇ سۆزلەر قۇلاققا بەك ياقىدۇ، لېكىن بۇلار كېيىنچە يالغان سۆزلەر بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر داڭلىق شەخسلەرنىڭ تەرجىمالىنى يېزىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ، بىراق ناچار تەرەپلىرىنى ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب»تا ياخشى ئىشلارلا خاتىرىلىنىپ قالماستىن، يەنە يامان ئىشلارمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپەقىيىتى خاتىرىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئىشەنچنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئىبراھىم پەيغەمبەرنى ئالساق، «مۇقەددەس كىتاب»تا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىش-ئىزلىرى خاتىرىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مىسىرغا بېرىپ قانداق يالغان

سۆزلىگەنلىرى، كېيىن ھەجەرنى توقاللىقتا ئالغان ئىشلىرىمۇ ئەينەن خاتىرىلەنگەن. ياقۇپ پەيغەمبەر بولسا ئىسرائىللارنىڭ ئەجدادى. «مۇقەددەس كىتاب»تا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ دادىسىنى ئالداپ، دادىسىنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى يەنى خوتۇنى ۋە توقاللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىق، ئۇنىڭ تۆتىنچى ئوغلى يەھۇدانىڭ پاھىشە بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقى . . . قاتارلىق ئىشلار ئەينەن خاتىرىلەنگەن.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، خۇدانىڭ روھىغا تولۇپ، «كونا ئەھدە»نى يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىللار (يەھۇدىيلار)دۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى يازغاندا، ياخشى ئىشلىرىنىمۇ، ناچار ئىشلىرىنىمۇ ئوخشاشلا قىلچە يوشۇرماستىن يازغان. ئەمما، ئىسرائىللار دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن پەخىرلىنىپ ماختىنىشقا ئامراق، ئۇنداقتا ئۇلار قانداق قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يامان ئىشلىرى بىلەن ياخشى ئىشلىرىنى «مۇقەددەس كىتاب»تا خاتىرىلەپ قالغاندۇ؟ چۈنكى، «مۇقەددەس كىتاب» سەممىيلىك بىلەن خاتىرىلەنگەن خاتىرىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋە يوشۇرۇش مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە يېزىلغان كىتاب بولسادى، يەھۇدىيلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەخلاقى، بىلىمى، خەلققە ۋە جەمئىيەتكە قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى قەستەن كۆككە كۆتۈرۈپ يازغان بولاتتى. بىز خالىغان بىر تەرجىمىھال كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇيدىغان بولساق، نۇرغۇن قەستەن ۋە ماختاشلارنى ئوقۇيمىز. بۇنىڭ داۋلىسى بەكمۇ ئاددىي، چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يامان تەرەپلەرنى يوشۇرۇپ، ياخشى تەرەپلەرنى تەشۋىق قىلىشقا ئامراق. شۇڭا، ئادەملەر يازغان تارىخلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشەنچلىك ئەمەس. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب» ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بىر ھەقىقىي خاتىرىدۇر.

## 2. «مۇقەددەس كىتاب» ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن

نۇرغۇن كىتابلار بار، ئۇلار ئۆز زامانىسىدىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇلغان، لېكىن كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەتتا ئۇنداق كىتابلارنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. لېكىن، «مۇقەددەس كىتاب» ئۇنداق ئەمەس. ئۇنى كىشىلەر ئەسىردىن ئەسىرگە ئۇلاپ، ئەتىۋارلاپ ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر يىلى، بۇ كىتاب نەچچە مىليونلاپ نەشىردىن چىقىدۇ، شۇنداقتىمۇ تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇ كىتاب ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن.

## 3. «كونا ئەھدە»دىكى نۇرغۇن قانۇنلار بۈگۈنكى قانۇن-نىزاملارغا ئايلاندى

«مۇقەددەس كىتاب» خۇدا ۋەھيي قىلىپ چۈشۈرگەن كىتاب ئىكەن، ئۇنىڭ تەلىملىرىمۇ چوقۇم ئادەمنىڭ تەلىملىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمىدىن يۇقىرى. «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر پەقەتلا ئون پەرمانىنىلا بىلىدۇ. بۇ پەرمانلارنىڭ ئالدىنقى تۆتى خۇداغا قانداق ئىبادەت قىلىش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ:

1) ماڭىلا ئېتىقاد قىل. باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلما.
2) ھەرقانداق بۇتقا چوقۇنما.
3) مۇقەددەس نامىمنى قالايمىقان تىلغا ئالما.
4) دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىل.

كېيىنكى ئالتىسى كىشىلەرگە باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ:

5) ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل.
6) قاتىللىق قىلما.
7) زىنا قىلما.
8) ئوغرىلىق قىلما.
9) يالغان گۇۋاھلىق بەرمە.
10) ئاچكۆزلۈك قىلما.

ئەمەلىيەتتە، «مۇقەددەس كىتاب»تا نۇرغۇن تەلىملەر بولۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت قائىدىسى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن:

1) ئالتە كۈن ئىشلەپ، بىر كۈن دەم ئېلىش. بۇ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىلغان تۈزۈم. ھازىر بەزى دۆلەتلەردە بەش كۈن ئىشلەپ، ئىككى كۈن دەم ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ خىل تۈزۈمنىڭ كېلىش مەنبەسى «مۇقەددەس كىتاب»تۇر. چۈنكى، «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئالتە كۈن ئىشلەپ، يەتتىنچى كۈنى ئارام ئال»
(«مىسىردىن چىقىش» 23ـ باب، 12ـ ئايەت).

2) نەق مەيداندىكى ئىككى گۇۋاھچى. سوتتا دىللولار بىر تەرەپ قىلىنغاندا، گۇۋاھچى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قانۇني ھۆججەتلەرگىمۇ ئىككىدىن ئارتۇق گۇۋاھچىلار ئىمزا قويۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى «مۇقەددەس كىتاب»تىن كەلگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:
«بىراۋ مەيلى قانداق گۇناھ ۋە خاتالىق ئۆتكۈزسۇن، بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. ئاز دېگەندە ئىككى ئۈچ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بولۇش كېرەك. ئەگەر بىراۋ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ بىرىنى قەستلىمەكچى بولسا، بۇ ئىككى ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كاھىن ۋە سوتچىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. سوتچى چوقۇم ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر بۇ گۇۋاھلىقنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ قېرىندىشىنى قەستلىگەنلىكى ئېنىقلانسا، بۇ ئادەم جاۋابكار ئۇچراشقا تېگىشلىك جازانى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، بۇ خىل يامان ئىشنى يوقىتالايسىلەر. باشقا ئاڭلىغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، مۇنداق يامانلىقنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. («قانۇن شەرھى» 19ـ باب، 15ـ ئايەتتىن 20ـ ئايەتكىچە).

3) ئايال كىشى باسقۇنچىلىققا ئۇچراش دىلوسىنى ئەرز قىلغاندا، ئايال كىشىدە باسقۇنچىلىققا نىسبەتەن ۋارقىراش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بولغان بولۇشى كېرەك. ئاياللار باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا ۋارقىرىغان ياكى ۋارقىرىمىغانلىقى، قارشىلىق كۆرسەتكەن ياكى كۆرسەتمىگەنلىكى ناھايىتى مۇھىم ھالقا. بۇ خىل تۈزۈممۇ «مۇقەددەس كىتاب»تىن كەلگەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئەگەر بىرەيلەن شەھەر ئىچىدە باشقىلارنىڭ توي‌لاشقان قىزى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، سىلەر بۇ

ئىككىسىنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ چالما-كېسەك قىلىڭلار. قىز ئۆلۈمگە لايىق، چۈنكى ئۇ شەھەر ئىچىدە تۇرۇقلۇق ۋارقىراپ باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمىغان. ئەرمۇ ئۆلۈمگە لايىق، چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ تويلاشقان قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاراڭلاردىكى مۇنداق يامان ئىشنى يوقىتالايسىلەر» («قانۇن شەرھى» 22-باب، 23-، 24-ئايەت).

«ئەگەر بىرەيلەن باشقىلارنىڭ تويلاشقان قىزىغا دالىدا باسقۇنچىلىق قىلسا، پەقەت ئەرلا ئۆلۈمگە لايىق، قىزغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە لايىق گۇناھى يوق. بۇ خۇددى دالىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ئوخشاش. بۇ ئەر ئۇنىڭغا دالىدا باسقۇنچىلىق قىلغاچقا، ئۇ ۋارقىرىغان بىلەن ئۇنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم يوق» («قانۇن شەرھى» 22-باب، 25-، 26-،27-ئايەت).

يۇقىرىقىلار پەقەتلا بىر نەچچە مىسال، خالاس. «يېڭى ئەھدە»دە يەنە نۇرغۇن تەلىملەر بار. ئەگەر سىز «يېڭى ئەھدە»نى ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، ئاز بولمىغان مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيسىز.

## 4. «مۇقەددەس كىتاب» باشقىلار ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان كىتاب

پۈتۈن دۇنيا تارىخىدا پەقەت «مۇقەددەس كىتاب»لا داڭدار شەخسلەرگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان. مەيلى پەيلاسوپلار، ئالىملار، ئاسترونوملار، ئەدىبلەر، سىياسىئونلار بولسۇن، «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىشەنمەي قالمىغان. مەسىلەن:

1) دۇنياغا داڭلىق نيۇتون (1642-1727) ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى، يەنى ‹مۇقەددەس كىتاب›نى ئەڭ تاكامۇل پەلسەپە دەپ قارىشىمىز لازىم. تەتقىقاتىمنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا ‹مۇقەددەس كىتاب› ئەڭ ئىشەنچلىك، تەڭداشسىزدۇر». بىر كۈنى، دوكتور ھاللېي نيۇتوننىڭ ئالدىدا «مۇقەددەس كىتاب»قا شەك كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. نيۇتون ئۇنىڭ يۈزىنى قىلمايلا، ئۇنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دوكتور

ھاللىي مەن سىزگە ئاسترونومىيە جەھەتتىن يۇقىرى باھا بېرىمەن، لېكىن سىز ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا ئەڭ ياخشىسى قالايمىقان گەپ قىلماڭ، چۈنكى سىزنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە تەتقىقاتىڭىز يوق. . .» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نيۇتون «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىشىنىپلا قالماي، ئۇنى بار كۈچى بىلەن قوغدىغان.

2) ئېدىسون (1847ـ1931) ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتچىدۇر. ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇ «مۇقەددەس كىتاب»قا ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «مەن ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىمەن» («ئېدىسوننىڭ تەرجىمىھالى» 292ـ، 293ـ بەت).

3) ئەنگلىيىلىك ئەدىب دىكىنس (1812ـ1870) «مۇقەددەس كىتاب»قا بەكمۇ سادىق ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى، ئائىلىسىدىكىلەرگە قالدۇرغان خەتتە ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ: «سەن باشقىلارنىڭ ئۆزۈڭگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىساڭ، سەنمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىل («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7ـباب، 12ـئايەت). ئوغلۇم، باشقىلار ساڭا يۈز كېلەلمىسىمۇ، لېكىن سەن خۇداغا يۈز كېلەلىگىن. ئۇنىڭ تەلىملىرىگە خىلاپلىق قىلما. مەن ‹مۇقەددەس كىتاب›نى سېنىڭ سومكاڭغا سېلىپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېسىل تەلىملەر بار. . .»

4) روسىيىلىك ئەدىب ل. تولستوي (1826ـ1910) ياش ۋاقىتلىرىدا خۇداغا ئىشەنگەن، كېيىن ئۆز ئېتىقادىنى بىر ياققا قايرىپ قويغان. لېكىن، ئۇ ئەللىك ياشقا كىرىپ ئوي ـ پىكرى پىششىپ يېتىلگەندە، ئۇ خۇداغا قايتىدىن يۈزلەنگەن. ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى«تىرىلىش»تا قويۇق بولغان «مۇقەددەس كىتاب» ئېتىقادى بار.

5) ئەنگلىيىلىك ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە ئاتمىش نەچچە يىل تەختتە ئولتۇرغان، ئەنگلىيىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئايال پادىشاھ. ئافرىقىلىق بىر ئەلچى ئۇنىڭدىن: «ئەنگلىيىنىڭ مۇنداق قۇدرەتلىك بولۇشىدا قانداق سىر بار؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ بۇ ئەلچىگە «مۇقەددەس كىتاب»تىن بىرنى بېرىپ: «مانا بۇ ئەنگلىيىنى قۇدرەتلىك قىلغان سىر» دېگەن.

مۇنداق مىساللار ناھايىتىمۇ كۆپ. بەزىلەر «مۇقەددەس كىتاب»نى ۋاقتى ئۆتكەن، ئۇنىڭدا پەقەت قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن شەخسلەرنىڭ ھېكايىسى بار،

كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ شۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بەكمۇ يۈزەكىي كۆز قاراش. سىزنىڭچە، تارىختا ئۆتكەن شۇنچە ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، بىلىمگە ھېرىسمەن كىشىلەر شۇنداق ئاسان ئالدىنارمۇ؟ قەدىرلىك دوستۇم، نۇرغۇن ئادەملەر «مۇقەددەس كىتاب» ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىپ، يۈكسەك دۇنيا قاراش تىكلىدى ۋە بەختلىك ئائىلىلەرنى قۇردى. ھەتتا، بەزىلەر ئۇلۇغ شەخسلەرگە ئايلاندى. سىز «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟

# ئالتىنچى باب

## ناتىقلىق ۋە ئەقىل-پاراسەت

خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«كېلىڭلار، بىز مۇنازىرىلىشىپ باقايلى، گەرچە گۇناھىڭلار چوغدەك قىزىل بولسىمۇ، لېكىن مەن سىلەرنى قارغا ئوخشاش ئاپئاق قىلىۋېتىمەن. سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار قېنىق قىزىل بولسىمۇ، مەن سىلەرنى قوي يۇڭىغا ئوخشاش ئاپئاق قىلىۋېتىمەن» («يەشايا» 1-باب، 18-ئايەت).
«ئۇنداقتا، قېنى ئۇ، ئىنسان تەرىپىدىن دانا سانالغانلار؟ قېنى ئۇ، ئۆزىنى ئەقىللىق سانايدىغان ئۆلىمالار؟ قېنى ئۇ، بۇ زاماندىكى پەيلاسوپلار؟ خۇدا بۇ دۇنيادىكى دانالىقنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 1-باب، 20-ئايەت).

### 1. خۇدا بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، قانداقمۇ يەڭگىلى بولسۇن

«كېلىڭلار، بىز مۇنازىرىلىشىپ باقايلى. . . » بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان خۇدانىڭ ئادەملەرنى ئۆزى بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە يول قويغىنى ئاجايىپ-ھە! بۇ دەل بۇ زاماننىڭ مۇنازىرىلىشىشكە قىزىقىدىغان كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خۇداغا نىسبەتەن تەنقىد ۋە ئاغرىنىش بار. ئۇلار باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىنىڭ نەتىجىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەيسا مەسىھنى ئادىل ئەمەس، دەپ قارايدۇ. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئەسكى ئىشلارنى كۆرۈپ، ئادەملەرنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى دېمەستىن: «ئەگەر خۇدا بولغان بولسا، بۇ ئىشلار بولمىغان بولاتتى» دېيىشىدۇ.

ئالدىنقى ئايەتتە بىز يەنە خۇدا پاۋلۇس ئارقىلىق ئېيتقان: «قېنى ئۇ، ئىنسان تەرىپىدىن دانا سانالغانلار؟ قېنى ئۇ، ئۆزىنى ئەقىللىق سانايدىغان

ئۆلمالار؟ قېنى ئۇ، بۇ زاماندىكى پەيلاسوپلار؟ خۇدا بۇ دۇنيادىكى دانالىقنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇيمىز. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزلىرىنى دانا دەپ ئاتىۋالغانلار، ئۆزلىرىنى ناتىق بىلىپ مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق ئادەملەر نېمە ئۈچۈن كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلار نەگە كەتتى، ئۇلار قۇدرەتلىك خۇدانىڭ ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ دۇنيادىكى جاپا-مۇشەققەت، ناھەق ئىشلار توغرىسىدا خۇدا بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاقلىشى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى يېپىپ قالالمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئاقلىيالمايدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە ئېغىزىدا گېپى بار، پو ئېتىشنىلا بىلىدىغان ئادەملەر پايدا ئالىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر زىيان تارتىدۇ. لېكىن، خۇدانىڭ نەزىرىدە مۇنداق بولۇشى ناتايىن، چۈنكى خۇدا ھەقىقەت بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ. خۇدانىڭ ئالدىدا باھانە كۆرسىتىپ، ھەقىقەتنى بۇرمىلىماقچى بولغانلار ئەخمەقلەردۇر.

## 2. ناتىقلىقنى توغرا ئىشلەتكەندە، مۈشكۈل ئەھۋالنى يېڭىپ، باشقىلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى ئېچىپ تاشلىغىلى بولىدۇ

ھەزرىتى ئەيسا زېمىندىكى ۋاقتىدا، بىرەيلەن ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قەستەن مۇنداق سورايدۇ: پادىشاھ قەيسەرگە باج تۆلىشىمىز كېرەكمۇ يوق؟ چۈنكى ئەينى چاغدا، يەھۇدىيە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، ئەگەر ھەزرىتى ئەيسا: «تۆلەش كېرەك» دېسە، ئۇلار ئۇنى رىم ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىڭ، دەيتتى؛ ئەگەر «تۆلىمەسلىك كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، ئۇلار ئۇنى ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى، دەپ ئەيىبلەيتتى. لېكىن، بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەيسا ئۇلاردىن بىر كۆمۈش تەڭگە سوراپ ئېلىپ، تەڭگىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق سورايدۇ:

> «بۇ رەسىم ۋە بۇ بەلگە كىمنىڭ؟ ئۇلار: ‹ پادىشاھ قەيسەرنىڭ › دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا: ‹ شۇنداق ئىكەن، قەيسەرنىڭ ھەققىنى قەيسەرگە، خۇداغا تېگىشلىك بولغىنىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار ›» دەيدۇ («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 22-باب،

21 ـ ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەيسانى سىنىماقچى بولغانلار ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. دېمەك، ناتىقلىق بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتنى تەڭ ئىشلەتكەندە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكى ھىيلە ـ مىكرنى ئېچىپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت قارىماققا بىر ـ بىرىگە بەك يېقىندەك بىلىنىدۇ؛ بىراق بىلىشىمىز كېرەككى، ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشى ئوخشىمايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت خۇدادىن كېلىپ، كىشىلەرنى ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇزىدۇ، باشقىلارغا ياردەم بەرگۈزىدۇ. لېكىن، ھىيلە ـ مىكىر بولسا قابىلىيەتنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلىدۇ:

«ئاراڭلاردا كىم ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولسا، ئۇ ئۆز ھاياتىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى كۆرسەتسۇن. ئۇنىڭ كەمتەرلىك بىلەن قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن، قەلبىڭلارنى ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك چىرمىۋالغان بولسا، ئۆزۈڭلارنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك دەپ ماختانماڭلار. بۇنداق ماختانماڭلار. ئەگەر ماختانساڭلار، يالغان سۆزلەپ ھەقىقەتنى يوققا چىقارغان بولىسىلەر. رەزىل دۇنياغا ۋە شەھۋانىيلىققا خاس بولغان بۇنداق ‹ ئەقىل ـ پاراسەت › خۇدادىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى شەيتاندىن كەلگەن. ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك بولغانلا يەردە قالايمىقانچىلىق ۋە ھەر خىل رەزىللىكلەر بولىدۇ. لېكىن، بىر ئادەمدە خۇدادىن كەلگەن ئەقىل ـ پاراسەت بولسا، ئۇ بىرىنچىدىن پاك، ئاندىن تىنچلىقپەرۋەر، مۇلايىم، كەمتەر ۋە رەھىمدىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ياخشى ئىشلارغا تولغان بولىدۇ. بۇ ئىشلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇ يەنە ئايرىمچىلىق ۋە ساختىپەزلىك

قىلمايدۇ. تىنچلىق ئىزدىگۈچىلەر تىنچلىق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى ھوسۇل ئالىدۇ» («ياقۇپ يازغان خەت» 3-باب، 13- ئايەتتىن 18-ئايەتكىچە).

## 3. سۆزمەنلىكنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىك ئۆز-ئۆزىنى ئالداشتۇر

ئەگەر ئادەم گەپدانلىقنى ئۆزىگە ۋە ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئادەملەرگە ئىشلەتسە، بۇ ئەخمەقانىلىك بولىدۇ.

بىر ئانا ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ بالىسىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشىغا يول قويىدىكەن، شۇنداقلا، ئۆز بالىسىنىڭ خاتا بولىسىمۇ، بالىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ باشقىلار بىلەن سوقۇشىدىكەن. بالىسى باشقا بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تارتىۋالسىمۇ، ئۆز بالىسىغا بولۇشىدىكەن. بالا كۈندىن-كۈنگە چوڭ بوپتۇ. ئۇ ئۆيىدىن پارچە پۇللارنى ئوغرىلايدىغان، ساۋاقداشلىرىنىڭ دەپتەر- قەلەملىرىنى ئېلىۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. باشقىلار بۇ ئانىغا بالىسىغا ۋاقتىدا تەربىيە بىرىش توغرىسىدا نەسىھەت بەرسىمۇ، قۇلاق سالماپتۇ. بالا 18، 19 ياشلارغا كىرگەندە، ئەسكىلىكى چېكىگە يېتىپتۇ. بۇ چاغدا، ئانا ئاندىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئانا بۇ چاغدا بەكمۇ كېچىككەنىدى. چۈنكى، بالىسى كۈن-كۈنلەپ ئۆيگە كىرمەيدىغان بولۇۋالغانىدى، ئاخىر، بۇ ئانا بالىسىنىڭ رەسىمىنى گېزىتتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ قاتىللىق قىلىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئانا ھۆكۈم ئىجرا بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى تۈرمىگە بالىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئوغلى ئانىسىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي غەزەپلىك ئالىيىپتۇ ۋە: «مەن ساڭا ئۆچ! مېنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قېلىشىمدا ئەلۋەتتە ئۆزۈمنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار، لېكىن سەن ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭ. مەن كىچىكىمدە يامان ئىش قىلسام، سەن يەنىلا ماڭا بولۇشتۇڭ، باشقىلارنىلا ئەيىبلىدىڭ» دەپتۇ.

بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق تراگېدىيە-ھە! قانچىلىغان كىشىلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدىغاندۇ-ھە! شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەگەر ئۆز-ئۆزىمىزنى ئاقلاش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمىسە، باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى ۋاقتىنچە تۇۋاقلىغان بىلەن ھەرگىزمۇ كىشىنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. خۇدا كىشىلەر قانداق

سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى سۇرۇشتۇرمەي قالمايدۇ. ھازىرقى كىشىلەر ئۆزىنى تاختا بىشىغا ئېلىپ قويۇپ، باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ئۆز-ئۆزىنى ئالدىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«كونا ئەھدە»دە بىر كىشى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قابىل ئىدى. ئۇ ئۆز ئىنىسىنى ئۆلتۈرۇۋېتىدۇ. خۇدا ئۇنىڭدىن ئىنىسىنى سورىغاندا، ئۇ خۇداغا: «بىلمەيمەن، مەن ئىنىمنىڭ باققۇچىسىمىدىم» دەپ جاۋاب بىرىدۇ. («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 4-باب، 9-ئايەت). لېكىن، خۇدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. خۇدا ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن پاكىتقا ئاساسەن ئۇنى جازالىدى. ئادەملەر ئۆزىنى ئاقلاپ ۋىجداننى قايىل قىلالىشى مۇمكىن، بىراق خۇدانىڭ سورىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 4. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى يېتەرلىك تۇرسا، يەنە ئۆزىمىزنى ئاقلامدۇق

ئادەملەرنىڭ قەلبىنى بىلگۈچى خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆز-ئۆزىمىزنى ئاقلاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، خۇدا نېمە ئۈچۈن يەنە: «كېلىڭلار، بىز مۇنازىرىلىشىپ باقايلى . . .» دەيدۇ؟ بۇ ئايەتنىڭ داۋامى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش سەۋەبى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۆزىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. بۇ جەھەتتە خۇدا بىزگە ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىنى تەييارلىغان. بۇ ئىلتىپات دەل شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، گەرچە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز قىپقىزىل بولسىمۇ، خۇدا ئۇنى قارىغا ئوخشاش ئاقارتقان. دېمەك، گۇناھكار ئادەم خۇدا ئالدىدا توۋا قىلسا، ئۇ قاردەك ئاپئاق بولىدۇ. خۇدا بىزگە مانا مۇشۇنداق قۇتقۇلدۇرۇلۇش ئىلتىپاتىنى تەييارلىغانىكەن، نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ھالاك بولىدۇ؟ يەنە كېلىپ كىممۇ خۇدانى جازاسى ئېغىر، دەپ ئەيىبلىيەلەيدۇ؟ كىممۇ خۇدانىڭ ھۆكۈمىدىن ئۆزىنى ئاقلاش بىلەن قۇتۇلالايدۇ؟ كىممۇ ئاخىرەتتە جازاغا ئۇچرىغاندا، گۇناھلىرىم گۇناھنى يۇيىدىغان بۇلاق بولمىغانلىقتىن يۇيۇلمىغان دېيەلەيدۇ؟ كىممۇ خۇدادىن گۇناھكارلارنى شەيتانغا تەييارلانغان دوزاققا تاشلايدىغانلىقىدىن ئاغرىنالايدۇ؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بىز بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغان مەسىلىلىرى.

«قېنى ئۇ، ئىنسان تەرىپىدىن دانا سانالغانلار؟ قېنى
ئۇ، ئۆزىنى ئەقىللىق سانايدىغان ئۆلىمالار؟ قېنى

ئۇ، بۇ زامانىكى پەيلاسوپلار؟»
بىز ئۆز-ئۆزىمىزنى ئەخمەقلەرچە ئاقلىمايلى. بىز ھەقىقىي ئەقىللىقلەردىن بولۇپ، توۋا قىلىپ خۇداغا يۈزلىنەيلى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆز قېنىنى ئاققۇزۇپ تۆلىگەن بەدىلىنى قوبۇل قىلايلى!

## يەتتىنچى باب

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى

### 1. رەب ئەيسا روھنىڭ ئەڭ چوڭ دوختۇرى

> «ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا:
> — ساغلام ئادەم تىۋىپقا موھتاج ئەمەس، پەقەت كېسەل ئادەملا تىۋىپقا موھتاج بولىدىغىنىدەك، مەن ئۆزلىرىنى دۇرۇس ئادەم دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇيدىغان كىشىلەرنى توۋا قىلىشقا چاقىرغىلى كەلدىم، — دېدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5ـ باب، 31ـ، 32ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتە ھەزرىتى ئەيسا گۇناھنى كېسەللىككە، گۇناھكار ئادەمنى بىمارغا ئۆزىنى بولسا دوختۇرغا ئوخشاتقان. ھەرقانداق بىمار دوختۇرغا موھتاج بولىدىغىنىدەك، ھەر بىر گۇناھكار ئادەممۇ ئەيسا مەسىھكە موھتاج بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆز كېسىلىنى ساقايتماقچى بولسا، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئىشنى قىلىشى كېرەك:

بىرىنچى، ئۇ ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلسىمۇ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ ھاراق ئىچىشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قان بېسىمى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، چۈنكى ئۇ ھاراق تاشلاشنى ئەسلا خالىمايدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ دوستلىرى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ، ھاراقنى ئەمدىلا ئاغزىغا ئېلىشى بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلىپتۇ ـ دە، مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. دېمەك، بىر كىشى ئۆز كېسىلىنى بىلمىسە ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلمىسا، نېمە دېگەن خەتەرلىك ـ ھە! شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەم گۇناھكار تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلمىسە ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇنىڭ خەتىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇچرايدىغان

ئاقىۋەت تەنىنىڭ ئۆلۈشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە مەڭگۈلۈك ئۆلۈم بولىدۇ. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ساغلام ئادەمنى تېپىش بەك تەس. ھەممىلا ئادەمنىڭ ئازراق بولسىمۇ كېسىلى بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، پەقەت ئاغرىپ باقمىغان ئادەم يوق. بىر ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغاندا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، بىراق ھەممىسىنىڭلا كارىۋاتتا يېتىپ قىلىشى ناتايىن. كۆپىنچىلىرى نورمال خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ.

دېمەك، روھتا كېسىلى بار بولغان بىزلەر چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تۈرمىدە ياتساقلا، گۇناھكار بولۇپ قالمايمىز. بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ كىچىك خاتالىقلىرىمىزمۇ خۇدانى رەنجىتىدۇ. شۇڭا، بىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ قېنىنىڭ گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇشىغا موھتاج.

ئىككىنچى، ئۇ ئۆز كېسىلىنى دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇشى ھەمدە دوختۇرنىڭ دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلىغا بويسۇنۇشى كېرەك. بىر كېسەل ئادەم دوختۇرنىڭ تەكشۈرىدىغان جايلىرىنى دوختۇرغا ئۆزى بەلگىلەپ بەرسە بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، دوختۇر كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەر خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خۇداغا پۈتۈنلەي ئۆزىنى تاپشۇرمايدۇ. خۇش خەۋەرنىڭ نۇرىنىڭ ئۆزلىرىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتۇشىغا يول قويمايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ھەر خىل ناپاكلىق، يامانلىق، ئاچ كۆزلۈك، زەھەرخەندىلىك . . .، ھەسەت قىلىش، قاتىللىق، ئۇرۇشۇش، ھىيلە-مىكىر، ئۆچمەنلىك . . .» قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇدانى رەنجىتىدۇ، دېيىلگەن. لېكىن، ئادەملەر بۇلارنى بەك ئېغىر كېسەللىك ئەمەس دەپ قارايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا بارلىق گۇناھلار رەبنىڭ قېنى بىلەن تازىلىنىدۇ دېيىلگەن، لېكىن بەزى ئادەملەر ئۆز-ئۆزىمىزگە كۆپرەك دىققەت قىلساقلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ روھى مەڭگۈ ساغلام بولالمايدۇ ھەم ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىغا ئىشەنمەيدۇ.

ئەي ئوقۇرمەن، سىز بەلكىم باشقىلاردىن ساغلام بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن سىز روھىي جەھەتتە ساغلاممۇ؟ روھىي جەھەتتىكى كېسەللىكنى دوختۇر ھەرگىز داۋالىيالمايدۇ. پەقەتلا ھەزرىتى ئەيسا روھتىكى گۇناھ كېسەللىكىنى داۋالىيالايدۇ. پەقەت سەمىمىي ئىشەنچ بولغاندىلا، روھنىڭ داۋالاش ئىستراخوۋانىيىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: « . . . تىنچلىق مەندە . . . »، «مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرىدىغان تىنچلىقىم . . .

بۇ دۇنيا كىشىلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ . . .» قەدىرلىك دوستلار كىلىڭلار، ھەزرىتى ئەيسا سىلەرنى ساقلىماقتا.

## 2. ھەزرىتى ئەيسا خۇدا ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگۈچى

> «خۇدا بىردۇر، خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى كېلىشتۈرگۈچىمۇ بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىنسان تېنىدە دۇنياغا كەلگەن ئەيسا مەسىھتۇر» («تىموتىيغا يېزىلغان 1-خەت» 2-باب، 5-ئايەت).

نىمە ئۈچۈن ئادەملەر خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىشتە كېلىشتۈرگۈچىگە موھتاج بولىدۇ؟ چۈنكى، «ھەممە ئادەم گۇناھ سادىر قىلدى» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-باب، 23-ئايەت). بارلىق گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەر خۇدا بىلەن دۈشمەنلەشكەن بولىدۇ («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 10-ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەممىمىز خۇدانى رەنجىتكەنلەرمىز. خۇدا بىلەن يارىشىپ قېلىشىمىز ئۈچۈن چوقۇم بىر كېلىشتۈرگۈچى بولۇشى كېرەك. بىز گۇناھكارلار خۇدانىڭ ئالدىدا ئاللىقاچان ئىشەنچسىز ھەم گۇناھنىڭ قۇلى بولۇپ قالدۇق. بىز گۇناھ ئۆتكۈزمەي قالمايمىز. بۈگۈنى قىلمايمەن دېگەن ئىشنى ئەتىسىلا ئىختىيارسىز قىلىپ تاشلايمىز. بىزدەك بىر ئىشەنچسىز ئادەم جەننەتكە كىرەلىسە، بۇ بەك كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، بىزنى خۇدا بىلەن بىز گۇناھكارلار ئوتتۇرىسىدا خۇدا بىلەن كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا شەرتى توشىدىغان بىرسى بولۇشى كېرەك. بۇ ئادەم چوقۇم خۇدا ياخشى كۆرىدىغان، ئادەملەرمۇ ئىشىنەلەيدىغان گۇناھسىز، خۇدانى تونۇيدىغان ھەم ئادەملەرنى چۈشىنىدىغان بىرەيلەن بولۇشى كېرەك. يۇقىرىقى ئايەتتىن بىلەلەيمىزكى، مۇنداق كېلىشتۈرگۈچىدىن پەقەت بىرىلا بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسان تېنىدە بۇ دۇنياغا كەلگەن ئەيسا مەسىھتۇر.

دىققەت: «ئىنسان تېنىدە بۇ دۇنياغا كېلىش» دېگەن بۇ سۆز ئەيسا مەسىھنىڭ ھەم خۇدا ھەم ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ («پېترۇس يازغان 1-خەت» 3-باب، 18-ئايەت). شۇڭا، ئەيسا مەسىھ ئەڭ لاياقەتلىك بىردىنبىر كېلىشتۈرگۈچىدۇر.

«ئىنسانلارنىڭ گۇناھتىن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ئەيسا

مەسىھ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ بەدەل تۆلىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى ۋە قۇربان بولۇشى خۇدانىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتىتا ھەممە ئادەمنى قۇتقۇزۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى» («تىموتىيغا يېزىلغان 1ـ خەت» 2ـ باب، 6ـ ئايەت).

«ئۇ بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان كرېستكە مىقلىنىپ، بىز ئۈچۈن ھاياتى بىلەن بەدەل تۆلىدى. شۇڭا بارلىق ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدىغا كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەلتۆكۈس قۇتقۇزۇلىدۇ» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 7ـ باب، 25ـ ئايەت).

### 3. ھەزرىتى ئەيسا بارلىق ئىنسانلارنىڭ سوراقچىسى

«ئۇ بىزنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشىمىزنى، تىرىكلەر ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سوراقچىسى قىلىنىپ تەيىنلەنگەن كىشىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى خەلققە جاكارلىشىمىزنى بۇيرۇدى» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 10ـ باب، 42ـ ئايەت).

نۇرغۇن ئادەملەر ئەيسا مەسىھنىڭ پەقەتلا گۇناھكارلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن ھەزرىتى ئەيسانىڭ گۇناھكارلارنىڭ سوراقچىسى ئىكەنلىكىگە سەل قارايدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىنسانئوغلى ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19ـ باب، 10ـ ئايەت).

لېكىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئۈستىدىن خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىش ئۈچۈندۇر («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17ـ باب، 30ـ ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭ بۇ

دۇنيادا قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن نىجاتكاردۇر، ئۇنى بۇ دۇنيادا ئېتىراپ قىلمىغۇچىغا نىسبەتەن يەنىلا سوراقچىدۇر. ئۇنىڭ سورىقىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىچ ـ باغرىنى بىلگۈچى خۇدادۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپئاشكاردۇر.

خۇدا نېمە ئۈچۈن ئۆزى سوراق قىلماي، ھەزرىتى ئەيسانى سوراقچى قىلدۇ؟ چۈنكى، ھەزرىتى ئەيسا ئىلگىرى ئىنسان تېنىدە بۇ دۇنياغا كېلىپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئازابلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئەگەر خۇدا ئۆزى سوراقچى بولىدىغان بولسا، بەلكىم بەزىلەر: «سەن خۇدا، شۇڭا ئادەم بولغۇچىنىڭ دەردىنى چۈشەنمەيسەن» دېيىشى مۇمكىن. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسا ئىنسان تېنىدە بۇ دۇنياغا چۈشكەن. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئۇمۇ ھەممە ئىشتا سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، بىز بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 4 ـ باب، 15 ـ ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق بىر سوراقچى ئالدىدا ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ.

بىر ئەخمەق مالاي بار ئىكەن. بىر كۈنى، خوجايىنى ئۇنى خەت سېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ خەت ساندۇقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خەت ساندۇقىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خەتكە چاپلانغان ماركىنى يىرتىۋېلىپ، خەتنى خەت ساندۇقىغا تاشلاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «باشقۇرغۇچى بولمىغاندىكىن، خەتكە ماركا چاپلانمىسىمۇ ھېچقىسى يوققۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ماركىنى خوجايىنىغا بېرىپ: «خەت ساندۇقىنىڭ يېنىغا بارسام باشقۇرغۇچى يوقكەن، ماركا چاپلانمىغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەندىكىن، ماركىنى يىرتىۋالدىم» دەپتۇ. خوجايىنىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «سەن نېمە دېگەن دۆت، ساندۇققا تاشلانغان خەتكە ماركا چاپلانمىغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن بىلەن، خەت پوچتىخانىغا بارغاندا بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈلىدۇ، ماركا چاپلانمىغان خەتكە ھەسسىلەپ جەرىمانە ئېلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئەقىلسىز مالايغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن «خۇدا قېنى؟ سوراق نەدە بار؟ كىممۇ بۇ ئىشلارنى بىلەلىسۇن؟!» دېيىشىدۇ. لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار سوراقنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى بىلگەندە، بەكمۇ كېچىككەن بولىدۇ.

«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بۇرۇنقى زامانلاردا، خۇدا: ‹ بۇتقا ئېشىنىدىغانلار ھازىرچە مېنىڭ يوللىرىمنى بىلمەيدۇ › دەپ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرمەسكە سالدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ، ئۇنىڭ يولىغا قايتىشقا بۇيرۇماقتا! چۈنكى، ئۇ ئۆزى تاللىغان ئادەم ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىدىغان قىيامەت كۈنىنى بەلگىلىدى. خۇدانىڭ ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكى بۇ ئىشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب، 30- ۋە 31- ئايەت).

ئەيسا مەسىھ بىلەن سىزنىڭ قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار؟ ئۇ ھازىر سىزنىڭ روھىڭىزنىڭ دوختۇرى، سىزنىڭ خۇدا ئالدىدىكى كېلىشتۈرگۈچىڭىز. ئۇ كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانى ئادىللىق بىلەن سوراق قىلىدىغان سوتچى. ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىزنىڭ ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچى ۋە كېلىشتۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ، كەلگۈسىدىكى سوراقتىن قۇتۇلۇشىمىزنى خالايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسىتى. خۇددى ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى ئېيتقاندەك:

«خۇدا ئوغلىنى دۇنيادىكى ئىنسانلارنى سوراققا تارتىشقا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 17-ئايەت).

دىققەت: گەرچە ئۇنىڭ كېلىشى ئىنسانلارنى سوراققا تارتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن كىملەر سوراققا تارتىلماي قۇتۇلدۇرۇلىدۇ؟ مۇنۇ ئايەتكە قۇلاق سېلىڭلار:

«ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلار سوراققا تارتىلمايدۇ! ئېتىقاد قىلمىغانلار بولسا ئاللىبۇرۇن سوراققا تارتىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار خۇدانىڭ يەككە-يېگانە ئوغلىغا ئېتىقاد قىلمىغاندى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب،

18ـ ئايەت).

بۇنى سىز تەھدىت سېلىش، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلىپ، ھەزرىتى ئەيسانى كەمتەرلىك بىلەن قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا سىزنى قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«قوبۇل قىلىنىدىغان چاغدا مەن ساڭا ئىجازەت بەردىم، قۇتقۇزۇلىدىغان كۈندە، مەن سېنى قۇتقۇزدۇم»

«قاراڭ! ھازىر دەل قوبۇل قىلىنىدىغان چاغ، ھازىر دەل قۇتقۇزۇلىدىغان كۈن» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 2ـ خەت» 6ـباب، 2ـئايەت).

# سەككىزىنچى باب

## مەن يولدۇرمەن

هەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:
«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن.
مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ»
(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب،
6-ئايەت).

بۇ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى قىلغان تەسەللىي سۆزى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ قايغۇرماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەسەللىي بېرىدۇ. نېمە ئۈچۈن قايغۇرماسلىق كېرەك؟ چۈنكى، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى يولدۇر.

ھەزرىتى ئەيسا ئاتىسىنىڭ قېشىدا نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ كېتىشىنىڭ بىز ئۈچۈن تۇرار جاي تەييارلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، گۈزەل بىر ئارزۇنى كۆز ئالدىمىزغا نامايان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى ھەزرىتى ئەيسانىڭ «مەن يولدۇرمەن» دېگەنلىكىدە. ئەگەر ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىدا نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى بىزگە ئېيتىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئۆيلەرنىڭ بىز ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ بىز ماڭىدىغان يولىمىزنى تاپالمىساق، ئۇنىڭ تەييارلىغان تۇرار جايلىرىنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟ گەرچە گۈزەل ئارزۇلار بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىساق، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەگەر ئەيسا مەسىھ يول بولمىسا، ئۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق تەسەللىيلا بولىدۇ، خالاس. لېكىن خۇداغا مىڭ قەرە شۈكۈر ئېيتىمىزكى ھەزرىتى ئەيسا ئاللىقاچان «مەن يولدۇرمەن» دېگەن. تۆۋەندە بىز بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئالاھىدە ئويلىنىپ كۆرەيلى.

## 1. «مەن يولدۇرمەن» دېگەن سۆز خۇدا بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا تۇساقنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ

ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزى خۇدا بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلاشقىلى، بېرىش-كېلىش قىلغىلى بولمايدىغان بىر تۇساقنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شۇڭا، بىز تۇساقنى ئاچىدىغان بىر يولغا موھتاجمىز. ئادەملەر نېمە ئۈچۈن خۇدانى تونۇمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خۇدا بىلەن ئالاقە قىلالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خۇدانى تاپالمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، خۇدا بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا گۇناھتىن ئىبارەت بىر تۇساق بار. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىگە تايىنىپ، بۇ تۇساقنى ئېلىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئادەملەر بىر يولغا موھتاج. بۇ يول دەل ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدۇر.

بىز ئاسترونومىيىدە تېلېسكوپ ئىشلىتىمىز، مىكرو ئېلېمېنتلارنى تەكشۈرۈشتە مىكروسكوپ ئىشلىتىمىز. بېلىق تۇتماقچى بولساق، دېڭىز بويىغا بارىمىز؛ ئوتۇن كەسمەكچى، بولساق تاغقا چىقىمىز. . . شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ھەقىقىي خۇدانى تونۇماقچى بولساق، چوقۇم ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق تونۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:

«يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن،
مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مېنى تونۇغان بولساڭلار، ئاتامنىمۇ تونۇغان بولاتتىڭلار».

پىلىپۇس رەبىنىڭ بۇ سۆزىنى ئانچە چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭدىن: «ئى رەببىم، ئاتىڭىزنى كۆرستىپ قويسىڭىزلا رازى بولاتتۇق» دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا:

«پىلىپۇس، سىلەر بىلەن بىرگە بولغىنىمغا تالاي ۋاقىت بولدى، مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟ مېنى كۆرگەن كىشى ئاتام خۇدانى كۆرگەن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا يەنە: ‹بىزگە ئاتىڭىزنى كۆرسىتىڭ› دەيسەن» دەيدۇ.

دېمەك، ئاتىنى تونۇش ئۈچۈن چوقۇم ئەيسا مەسىھنى تونۇش كېرەك. ئۇ دەل بىز تونۇماقچى بولغان خۇدانىڭ يولى. ئۇ ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ يولىنى

ئاچتى، خۇدا بىلەن ئادەمنى تۇتاشتۇردى. يەھۇدىيلارنىڭ خاتالىقى خۇداغا ئېتىقاد قىلماسلىقتا ئەمەس، بەلكى ھەزرىتى ئەيسانى تونۇماسلىقتا. شۇڭا، ھەزرىتى ئەيسا «سىلەر خۇداغا ئىشەنگەنىكەنسىلەر، ماڭىمۇ ئىشىنىشىڭلار كېرەك» دېگەنىدى. ئەگەر سىلەر رەب ئەيسانى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، خۇدانىڭ يېنىغا بارىمەن دېسەڭلار، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادىكى بارلىق دىنلارنىڭ خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى خۇدانى ئەيسا مەسىھسىز ئىزدەيدۇ، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ھېچكىم خۇدا ئاتىنىڭ يېنىغا ئەيسا مەسىھسىز بارالمايدۇ. ئەيسا مەسىھكە تايانماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئەيسا مەسىھ بىردىنبىر يول.

## 2. «مەن يولدۇرمەن» دېگەن سۆز كېلىشتۈرگۈچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ

يول ھەم ئايرىۋېتىلگەن ئىككى نىشاننى ئۇلايدۇ، ھەم ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئايرىۋېتىلگەن رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى توساقنى ئېلىپ تاشلايدۇ. دېمەك يولنىڭ «كېلىشتۈرگۈچىلىك» ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئەيسا مەسىھ بىز بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر كېلىشتۈرگۈچى. چۈنكى، ئۇ خۇدا بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ «كېلىشتۈرگۈچى»نىڭ بىز ئۈچۈن قان ئاققۇزۇپ، جېنىنى پىدا قىلغان ئەمەلىيىتى بار. ئۇ قانداق قىلىپ بىزنىڭ «يول»ىمىز بولۇپ قالغان؟ چۈنكى، ئۇ بىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «قېرىنداشلار، بىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق خۇدانىڭ ھوزۇرىغا قورقماستىن كىرەلەيمىز. ئەيسا مەسىھ ئۆزى ئارقىلىق بىز ئۈچۈن ھەم يېڭى ھەم تىرىك يولنى ئاچتى» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 10ـ باب، 19ـ ۋە 20ـ ئايەت).

ئادەمنىڭ گۇناھى خۇدانىڭ ئادىللىقى خۇدا بىلەن ئادەملەر ئارىسىدا بىر تاغنى ھاسىل قىلدى. بۇ تاغدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىز تاغ تېشىدىغان ماشىنىغا ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ قېنىغا تايىنىمىز. پەقەت مەسىھنىڭ كىرېستتە ئاققۇزغان قېنىلا خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ گۇناھىغا بولغان غەزىپىنى باسالايدۇ

ھەم ئادەملەرنىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا بارىدىغان يولىنى ئاچالايدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا ئادەتتىكى ئادەملەردەك، ئۆزىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكى ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ كېلىشتۈرگۈچى بولغان ئەمەس. ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، بىزنىڭ ئورنىمىزدا جازالىنىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى يول بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قۇتقۇزغۇچى يوق. چۈنكى، ئۇنىڭدىن باشقا بىز تايىنىپ قۇتقۇزۇلغۇدەك باشقا ئىسىم چۈشۈرۈلمىگەن.

## 3. «مەن يولدۇرمەن» دېگەن سۆز رەبنىڭ دەل ئالدىن بېشارەت قىلىنغان يەردىن ئاسمانغا تاقىشىدىغان شوتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ

ئىسرائىللارنىڭ ئەجدادى ياقۇپ ئەساۋدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئائىلىسىدىن ئايرىلغاندا، چۈشىدە يەردىن ئاسمانغا تاقىشىدىغان بىر شوتىنى، شوتىنىڭ ئۈستىدە خۇدانى ۋە خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ شوتىدا يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇ يەنە خۇدانىڭ شوتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

> «مەن پەرۋەردىگار، بوۋاڭ ئىبراھىم ۋە ئاتاڭ ئىسھاق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بولىمەن. مەن ھازىر سەن ياتقان زېمىننى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن. ئۇلارنىڭ سانى يەردىكى قۇمدەك كۆپ بولۇپ، شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا تارقىلىپ پۈتۈن زېمىننى قاپلايدۇ. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مىللەتلەر سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ. مەن ساڭا يار بولىمەن. سەن قەيەرگە بارساڭ، سېنى شۇ يەردە قوغدايمەن ھەمدە سېنى بۇ يەرگە قايتۇرۇپ كېلىمەن. ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرمىغۇچە، سېنى ھەرگىز تاشلىمايمەن!» («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 28-باب، 13-ئايەتتىن 15- ئايەتكىچە) دەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ھەزرىتى ئەيسا «يۇھاننا يازغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 51-ئايەتتە، شوتا توغرىسىكى بۇ بېشارەتنى ئۆزىگە تەدبىقلاپ :

> «بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ئاسماننىڭ ئېچىلىپ،

خۇدانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئىنسانئوغلىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ-چىقىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر!» دېدى.

دېمەك، ھەزرىتى ئەيسا بۇ يەردە بېشارەتتە ئېيتىلغان شوتىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇ خۇدا بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى يولنى ئېچىپلا قالماي، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنى، ئىجازىتىنى ۋە خۇدانىڭ ئاتا قىلىدىغان شاپائەتلىرىنى ئۆزى ئارقىلىق ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرگە ئاتا قىلىدى.

ئەينى چاغدا، ياقۇپنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن غۇۋا بىر مەنزىل ئىدى. ئۇ يالغۇز، تايانچىسىز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە نىسبەتەن بىرەر ئاساسقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا، خۇدا ئۇنىڭغا بۇ بېشارەتنى بەرگەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغىنىمۇ ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى يىراق ھەم غۇۋا بولغان مەنزىلدۇر. بىز ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىز قانداق سىناقلارنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى، خۇداغا باشتىن-ئاخىر ئەگىشەلەش- ئەگىشەلمەسلىكىمىزنى، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىپ چۈشۈش - چۈشمەسلىكىمىزنى، يەنى ھېچنېمىنى بىلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئەيسا مەسىھ بىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدىغان شوتا. ئۇ دەل خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىزگە يەتكۈزگەن «يول».

## 4. «مەن يولدۇرمەن» دېگەن سۆز ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق يولى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ

ھەزرىتى ئەيسا ھەقىقەت بولۇپلا قالماي، يەنە ھەقىقەتكە بارىدىغان يولدۇر. بۇ دۇنيادا ھەقىقەت يوق، چۈنكى ھەقىقەت گۇناھ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھەقىقەت پۈتۈنلەي ئادىل ۋە پاكتۇر. بۇ دۇنيادا بىرمۇ ئادىل كىشى بولمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھەقىقەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «مۇقەددەس كىتاب» شەيتاندا ھەقىقەت يوق دەيدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 44-ئايەت). شۇنداق بولغانىكەن، شەيتاننىڭ پەرزەنتلىرىدىمۇ ھەقىقەت يوق بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىز مەلۇم ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ياكى بىر ئىشنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولساق، پەقەت ئازراقلا شەخسىيەتچىلىك قىلساق، بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتا بولساق، كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلساق، باشقىلارنىڭ يۈزىنى قىلساق، ھېسسىياتقا

بىرلىسەك ياكى ۋىجدانسىزلىق قىلساق مەڭگۈ توغرا جاۋابقا ئېرىشەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەقىل ـ پاراسەتتىكى يېتەرسىزلىك سەۋەبىدىنمۇ ھەقىقەتنى تاپالمايمىز. ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشقا نىسبەتەن تونۇشىدا يېتەرسىزلىك بولىدۇ، دائىم بىرتەرەپلىمە كۆز قاراشتا بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئىجاد قىلغان نەزەرىيىدە كەمتۈكلۈك مەۋجۇت.

لېكىن، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ھەقىقەت، ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرى ھەقىقەت. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ مۇقەددەس خاراكتېرى ۋە ئەقىل ـ پاراستىدىن چىققان. ئۇ ھەم ھەقىقەتنىڭ يولى بولۇپ، بىزگە ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ. پەقەت ئۇلا ھەقىقەتنى ئۆگىتىدىغان مۇقەددەس روھنى بىزگە ئاتا قىلالايدۇ.

> «مەنمۇ خۇدائاتامدىن سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن. ئۇ سىلەر بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتكە باشلىغۇچى — مۇقەددەس روھتۇر. ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى كۆرمەيدۇ، تونۇمايدۇ. بىراق سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، چۈنكى ئۇ دائىم سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ ھەم سىلەردە ياشىماقچى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14 ـ باب، 16 ـ ۋە 17 ـ ئايەت).

ھەقىقەتكە باشلىغۇچى — مۇقەددەس روھ بىزنىڭ قەلبىمىزدە بولغاندا، بىز ئۇنىڭغا تايىنىپ ھەقىقەتنى بىلەلەيمىز ھەم ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھەقىقەتتە بولىمىز.

خۇدانىڭ ھەقىقىتى بىلەن خۇدانىڭ ھاياتى ئۆزئارا بىرلىشىپ، «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ھەقىقەتلىرىدە ھاياتىي كۈچ پەيدا قىلىدۇ. بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى ھاياتلىقنى خۇدا بەرگەن، روھىمىزدىكى ھاياتلىقنىمۇ خۇدا ئىلتىپات قىلغان. مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ ھاياتىنى ھەقىقەت ئارقىلىق بىزنىڭ قەلبىمىزگە سالىدۇ. مۇقەددەس روھنىڭ بۇ خىزمىتى ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىق بەرگەنلىكىنىڭ ئەجرىنى ئاساس قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەيسا مەسىھ ھەقىقەتنىڭ يولى بولۇپلا قالماي، يەنە ھاياتلىقنىڭمۇ يولىدۇر. ھېچقانداق ئادەم ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئەيسا مەسىھ ھاياتلىق يولى.

دىققەت قىلىڭكى، ئەيسا مەسىھ: «مېنىڭسىز خۇدائاتامنىڭ يېنىغا

ھېچكىم بارالمايدۇ» دېگەن. بۇ سۆز ئۇنىڭ «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەن سۆزىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ «يول»دۇر. قانداق قىلغاندا ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق بولغان ئاتىنىڭ يېنىغا بارغىلى بولىدۇ؟ پەقەتلا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق. چۈنكى، ئۇ يولدۇر. بىز ھاياتلىققا ئۇ ئارقىلىقلا ئېرىشىپ قالماي، يەنە ھاياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ئۇ ئارقىلىق بولىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «مېنى تونۇغان بولساڭلار، ئاتامنىمۇ تونۇغان بولاتتىڭلار». ئۇ يەنە: «مېنى كۆرگەن كىشى ئاتام خۇدانى كۆرگەن بولىدۇ» دەيدۇ. ئەيسا مەسىھنى تونۇش جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئۆزى دەل ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشتۇر.

## 5. خۇلاسە

بىرىنچى، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى مەن كارىۋات دېمىدى، بەلكى ئۆزىنى: «مەن يول» دېدى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى بىر كارىۋات دېسىدى، ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئادەملەر ئۇنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئۇخلىسا بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقاتتى. لېكىن، ئۇ: «مەن يول» دېدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ئالغا قاراپ مېڭىشى كېرەك. ھەر بىر ئېتىقادچى ئەيسا مەسىھنىڭ يول ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. بىز بولساق يولۇچى ــ گۈزەل نىشانغا قاراپ ماڭغۇچىلارمىز. بىز نىشانسىز، مەقسەتسىز يولۇچى ئەمەس، بەلكى گۈزەل بىر ماكانغا قاراپ كېتىۋاتقان يولۇچى. بىز پۈتىمىزغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن خالاس بولۇپ، بېسىشقا تېگىشلىك مۇساپىنى بېسىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئەيسا مەسىھ يول، ئۇ بىزنى يول تۈزلىگۈچى قىلماقچى. چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا بۇ دۇنيادىكى چېغىدا دەل يول تۈزلىگۈچى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى :

«دىلىڭلارنى رەبنىڭ كېلىشىگە تەييار قىلىڭلار! ئۇنىڭ يوللىرىنى تۈز قىلىڭلار! جىلغىلار تولدۇرۇلىدۇ، چوڭ-كىچىك تاغلار پەسلىتىلىدۇ، ئەگرى يوللار تۈزلىنىدۇ، ئېگىز-پەس يوللار تەكشىلىنىدۇ» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 4-ۋە 5- ئايەت) دېيىش ئىدى.

يەھيا كىشىلەرنى قەلبىنى تەييارلاشقا ۋە مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش

ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان.

ئېتىقادچىلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىسىمۇ بىر «يول تۈزلىگۈچى» بولۇشتۇر. ئۇلار ھەقىقەت ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى گۇۋاھلىقلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى توقۇنۇشنى ئېلىپ تاشلىشى، كىشىلەر قەلبىدىكى ئېگىز-پەس ئاداۋەتلەرنى يوق قىلىشى، كىشىلەرنى ئەيسا مەسىھكە يۈزلەندۈرۈشى لازىم.

> «ئى خۇدا! مېنى تەكشۈرۈپ، ئوي-پىكىرلىرىمنى بىلگەيسىز، مېنى سىناپ نىيەتلىرىمنى بىلگەيسىز، قەلبىمدە يامانلىقنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارىغايسىز. مېنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىگەيسىز» («زەبۇر» 139-باب، 23- ۋە 24-ئايەت).

# توققۇزىنچى باب

## ئاجايىپ ئەيسا مەسىھ

يەشايا پەيغەمبەر بەش خىل ئىسىم بىلەن مەسىھنىڭ كالامدىن تەنگە ئايلىنىشى، ئۆلۈشى، تىرىلىشى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولۇشى قاتارلىقلارنى خۇدانىڭ ئاجايىپ ئىرادىسى ۋە پىلانى، دەپ چۈشەندۈرگەن. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتىمۇ خۇدانىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە قۇدرىتى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ئىنسانلارغا تىنچلىق ئاتا قىلىشنى خالايدىغان نىيىتى ئىپادىلەنگەن. تۆۋەندە بىز بۇ بەش خىل نامنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ باقايلى.

### 1. ئاجايىپ

تۇنجى نامدا ئەيسا مەسىھ «ئاجايىپ» دەپ ئاتالغان. دۇنيادا يەنە قانداق ئادەمنىڭ «ئاجايىپ» دەپ ئىسمى بار؟ مۇنداق ئىسىم ئەسلا يوق. چۈنكى، ئەيسا مەسىھتىن باشقا يەنە بىرسى بۇ ئىسىمغا لايىق ئەمەس. «ھاكىملار»دا، نامى چىققان پالۋان سامسوننىڭ ئانىسى خۇدانىڭ پەرىشتىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن: «ئىسمىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دەپ سورىغان. خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: «مېنىڭ ئىسمىمنى سورىشىڭ ھاجەتسىز، مېنىڭ ئىسمىم ئاجايىپتۇر» دېگەنىدى.

مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى ئاجايىپ، ئۇنىڭ گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆلۈشى ئاجايىپ. گۇناھكارلارنىڭ پەقەتلا ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتا ئۆلۈپ، گۇناھىنىڭ بەدىلىنى تۆلىگەنلىكىنى قوبۇل قىلىسىلا، قۇتقۇزۇلۇپ يېڭى ئادەم بولۇشى ئاجايىپتۇر.

ۋىلىيام ئىسىملىك بىر شائىر بىئۆتكەنىكەن. بىر قېتىم، ئۇ تۇرمۇشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئەنگلىيىدىكى بىر كۆۋرۈكتىن ئۆزىنى تاشلاپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلاپتۇ. ئۇ بىر مەپىنى كىرا قىلىپ، كۆۋرۈككە بارماقچى بولۇپتۇ. لوندون داڭلىق تۇمانلىق شەھەر. ئەينى چاغدا، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغاچقا، مەپە يولدىن ئېزىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ مەپىدە خېلى بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىنمۇ كۆۋرۈككە يېتىپ بارالماپتۇ. ئۇ ئىنتايىن خاپا بولۇپ، كۆۋرۈككە ئۆزى پىيادە بارماقچى بولۇپتۇ. بىراق، بۇ چاغدا ئۇ مەپىنىڭ بىر ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ناھايىتى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايدۇ. ئۇ بۇنى ئاجايىپ

غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇ سەگەكلىشىپ، خۇدانىڭ ئۆزىنى توسۇۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپتۇ. كېيىن، ئۇ بىر پارچە شېئىر يېزىپتۇ. بۇ شېئىر ئۈمىدسىزلىنىپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانلارغا ياردەم بېرىدۇ. دېمەك، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشى ئاجايىپتۇر. ھەر بىر قۇتقۇزۇلغۇچىنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى بولىدۇ، ئۇلار خۇدانىڭ ئاجايىپلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

## 2. مەسلىھەتچى

مەسلىھەتچى دانا، پىلانلاشقا ماھىر، ئەقىل كۆرسەتكۈچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈمى ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئەقىل-پاراسىتىدۇر. پاۋلۇس مۇنداق دەيدۇ:

«ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى قۇربانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەر مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە يۈز تۇتقانلارغا نىسبەتەن بىر ئەخمىقانىلىكتۇر».

ئۇ يەنە:

«خۇدا ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن شۇنى بەلگىلىگەنكى، ئىنسانلار ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ھەرگىز خۇدانى تونۇيالمايدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا، ‹ ئەخمىقانىلىك › دەپ قارالغان بۇ خۇش خەۋەر ئارقىلىقلا، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنى قۇتقۇزۇشتۇر» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1-خەت» 1-باب، 21-ئايەت).

كرېست خۇدانىڭ بارلىق ئېتىقادچىلارنى قۇتقۇزىدىغان ئەڭ چوڭ ئەقىل-پاراستى ۋە پىلانى. پاۋلۇس رىمدىكى ئېتىقادچىلارغا مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدانىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىلىم-ھېكمىتى نېمىدېگەن مول، نېمىدېگەن چوڭقۇر-ھە! ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى كىممۇ چۈشىنەلىسۇن؟ ئۇنىڭ يوللىرىنى كىممۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟ . . .
كىممۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئوي-پىكرىنى چۈشەنسۇن؟
كىممۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى بولالىسۇن؟»

(«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 11ـ باب، 33ـ ۋە 34ـ ئايەت).

دېمەك، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭغا پىلان كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ. خۇددى سۇلايمان پەيغەمبەر ئېيتقاندەك:

«ئادەمدە كۆپ پىلانلار بولىدۇ، پەقەت خۇدانىڭ پىلانلىرىلا پۈت تۇرالايدۇ»
(«پەندى-نەسىھەتلەر» 19ـ باب، 21ـ ئايەت).

ئۈچ تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، بىرىنچى تۈپ دەرەخ: «مەن كېسىلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئوردىسىدا چىرايلىق تۈۋرۈك بولۇشنى خالايمەن» دەپتۇ. ئىككىنچىسى: «مەن پاراخوت قىلىنىپ، دۇنيادىكى ئوكيانلاردا ئۈزۈشنى خالايمەن» دەپتۇ. ئۈچىنچىسى بولسا: «ئورماندىكى ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ دەرەخ بولۇپ، باشقىلارنىڭ ماختىشىشىغا سازاۋەر بولۇشنى خالايمەن» دەپتۇ. ئۇلارنى ئۆستۈرگەن خوجايىن ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاڭلاپتۇ، بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرمەپتۇ. ئۇ بىرىنچى تۈپ دەرەخنى كېسىپ ئات ئوقۇرى، يەنى ئەيسا مەسىھ تۇغۇلغاندا ئىشلىتىلگەن ئات ئوقۇرىنى ياساپتۇ. ئىككىنچى تۈپ دەرەختىن كىچىك بىر قېيىقنى، يەنى ئەيسا مەسىھ جەلىلىيدە كىشىلەرگە تەلىم بەرگەندە چىققان قېيىقنى ياساپتۇ. ئۈچىنچى تۈپ دەرەختىن ئاددىي بىر كرېست يەنى ئەيسا مەسىھ كرېستكە مىخلانغاندا ئىشلىتىلگەن ئىككى «ياغاچ»نى ياساپتۇ. خوجايىننىڭ بۇ ئۈچ تۈپ دەرەخ ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغىنى ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرىدىن ئارتۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بۇنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىزمۇ دائىم يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشنى خالايمىزكى، ھەرگىز تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشنى خالىمايمىز. لېكىن، خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغىنى بىزنىڭ پىلانىمىزغا ئوخشىمايدۇ. بىز چوقۇم ئەيسا مەسىھتىن ئىبارەت بۇ مەسلىھەتچىنىڭ بىز ئۈچۈن پىلانلىغان بارلىق يوللىرىغا ئىشىنىشىمىز لازىم.

## 3. قۇدرەتلىك خۇدا

ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇدرەتلىك خۇدا ئىكەنلىكىگە نۇرغۇن ئادەملەر سەل

قارايدۇ. ئۇ پەقەتلا قۇتقۇزغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇدرەتلىك خۇدادۇر. ئۇ ئاسماندىكى ئاتا بىلەن ئوخشاش. پەقەتلا «كونا ئەھدە»دىلا ھەزرىتى ئەيسا خۇدا دەپ ئاتىلىپ قالماستىن، «يېڭى ئەھدە»دىمۇ «تىتۇس يازغان خەت» 2-باب، 13- ئايەتتە، ھەزرىتى ئەيسا، «قۇدرەتلىك خۇدا» دەپ ئاتالغان. «فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2- باب، 6- ئايەتتىن 8- ئايەتلەرگىچىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئۇ، تەبىئىتى جەھەتتە خۇدا بولسىمۇ، خۇدائاتا بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشۇم كېرەك، دېمىدى. ئەكسىچە ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ ئورۇندىن ۋاز كېچىپ، ئىنسان تېنىدە كېلىپ، ئۆزىنى قۇلدەك تۇتتى. ئۇ ئىنسان قىياپىتىدە ياشاپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ تاكى ئۆلگۈچە خۇداغا ئىتائەتمەن بولدى. ئۇ ھەتتا كرېستكە مىخلانغاندىمۇ شۇنداق قىلدى»

مەلۇم بىر ئېتىقادچى بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىدىن: «خۇدا قۇدرەتلىك بولغاندىكىن، نېمىشقا ئانامنى قىمارنى تاشلاتقۇزۇپ قۇتقۇزمايدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئاپتۇماتىك كىرئالغۇنى كۆرسىتىپ: «ئۇنىڭغا كىرنى سالساق، پاكىز يۇيۇلۇپ، قۇرۇپ چىقىدۇ، شۇنداقمۇ؟» دەپتۇ-دە، بىر مەينەت كىيىمنى كىرئالغۇغا سېپتۇ ھەم ئۇنى قولىغا ئېلىپ: «قارا، مەن بۇ كىركىيىمنى ئۇنىڭغا سالدىم؛ ئۇ يۇيۇلماستىن يەنە مەينەت پېتى تۇرىدىغۇ؟» دەپتۇ. ئۇ ئېتىقادچى: «سىز سۇ قۇيمىسىڭىز، پاراشوك سوپۇن سالمىسىڭىز، كونۇپكىنى باسمىسىڭىز، كىركىيىم قانداقمۇ يۇيۇلسۇن؟» دەپتۇ. خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى جاۋابەن: «ئېيتقىنىڭ توغرا، خۇدا قۇدرەتلىك، ئادەم چوقۇم ئۇنىڭغا ئىشىنىشى كېرەك. لېكىن خۇددى كىرئالغۇنىڭ كونۇپكىسىنى ئاچقاندەك، ئادەممۇ خۇدانىڭ ھاياتلىق مەنبەسىگە ئۆزىنى ئۇلىشى كېرەك. ئەگەر سىز ئۇنداق قىلغىلى ئۇنۇمسىڭىز، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشىنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئۇ چاغدا قۇدرەتلىك خۇدا بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدا نېمە مۇناسىۋەت بولسۇن؟» دەپتۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بىز پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن بۇ قۇدرەتلىك خۇداغا تايىنالىدۇقمۇ؟ كىچىك بالا قىيىنچىلىققا ۋە خەتەرگە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ بىرىنچى ئويى ئانىسىنى ئىزدەش بولىدۇ. سىز خۇداغا پۈتۈن نىيىتىڭىز بىلەن خۇددى مۇشۇنداق كىچىك بالىدەك تايىنالىدىڭىزمۇ؟

## 4. مەڭگۈلۈك ئاتا

ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ خۇدايىمىز بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە بىزنىڭ ئاتىمىز. «مەڭگۈلۈك ئاتا» دېگەن بۇ سۆز بىزنىڭ پەقەت قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ خۇدا بىلەن ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، خۇدا بىزنىڭ ھالىمىزدىن مەڭگۈ خەۋەر ئالىدۇ.

دادىسى يوق كىچىك بالا ناھايىتىمۇ بىچارە بولىدۇ. كىچىكىدىن دادىسى يوق يېتىم بالا، مەيلى ئۇنىڭ شارائىتىنىڭ قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن قەلبىدە تولدۇرغۇسىز بىر كەمتۈكلۈك يەنى ئاتىلىق مېھرىگە قانمىغان بىر خىل كەمتۈكلۈك بولىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ ھازىر ئاتىمىز، يەنى «مەڭگۈلۈك ئاتىمىز» بار. شۇڭا، بىز مەڭگۈ يېتىم بولۇپ قالمايمىز. ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشى دەل بىزنىڭ ئاتىمىز بولۇش ئۈچۈندۇر. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئېتىقادچىلار بۇ ھوقۇقتىن بەھىرە ئالالمايۋاتىدۇ. ئاسماندا مەڭگۈلۈك ئاتىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ ياشمايۋاتىدۇ.

ئوغۇل بالا دادىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ بىر ئىرسىيەت. ئۇنداقتا، بىزمۇ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىمىز ۋە خاراكتېرىمىز جەھەتتە ئاسماندىكى ئاتىمىزغا ئوخشىشىمىز كېرەك. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئېتىقادچىلار ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاسماندىكى ئاتىسىغا ئوخشىماي، شەيتانغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

## 5. تىنچلىق پادىشاھى

«مۇقەددەس كىتاب» كۆپ قېتىم ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۇنياغا چۈشۈشى ۋە پادىشاھ بولۇشىنى تىلغا ئالىدۇ. «ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 2-بابىدا، دانىشمەنلەر ئەيسا مەسىھنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان بوۋاق قېنى؟» «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 1- بابىدا، پەرىشتە مەريەمگە تۇغۇلغۇسى بوۋاق توغرىسىدا بېشارەت بېرىپ: «ئۇ ياقۇپنىڭ جەمەتى بولغان ئىسرائىللارنىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھى بولىدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى چەكسىزدۇر» دەيدۇ. يەنە «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 2- بابىدا، پادىچىلارغا يەتكۈزۈلگەن خۇش خەۋەردە: «بۈگۈن پادىشاھ داۋۇتنىڭ يۇرتى بەيتلەھەم يېزىسىدا رەببىڭلار بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ دۇنياغا كەلدى» دېيىلىدۇ. مەسىھ دېگەن سۆزنىڭ

مەنىسى دەل «تاللانغان پادىشاھ» دېگەنلىكتۇر. ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھ بولۇشى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىرېست بولسا ئۇنىڭ تىنچلىق پادىشاھى بولۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان كەچۈرمىشى. پەرىشتە ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، يۇقىرى ئاۋازدا خۇدانى مەدھىيىلەپ: «ئەرشئەلادىكى خۇداغا شان-شەرەپلەر بولسۇن! ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى يېقىن كۆرگەن بەندىلىرى ئامان بولسۇن» دەيدۇ. چۈنكى، بۇ تىنچلىق پادىشاھى ئامانلىقنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئادەملەرگە ئاتا قىلىدۇ.

دۇنيادا خاتىرجەملىك يوق، تىنچلىق يوق. چۈنكى، دۇنيا بۇ تىنچلىق پادىشاھىنى رەت قىلغان. نۇرغۇن ئائىلىلەردىن پورۇخ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇش-جېدەل توگىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەيسا مەسىھنى ئۆزىنىڭ پادىشاھى قىلمىغان. ئەگەر بىز تىنچلىق ئېلىپ كەلگۈچى ئەيسا مەسىھنى ئۆزىمىزنىڭ قەلب تەختىگە ئولتۇرغۇزساق، مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، قەلبىمىزدە ھەر ۋاقىت تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. يەشايا پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ھوقۇقى چەكسىز، ئۇ پادىشاھ داۋۇتنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ئۆز پادىشاھلىقىنى يۈرگۈزىدۇ، ئادالەت ۋە ھەقىقەت بىلەن دۆلەتنى مەڭگۈ مۇستەھكەملەيدۇ». ئەيسا مەسىھنىڭ قەلبىمىزدىكى ھوقۇقى ۋە ئامانلىقى چەكسىز بولغاي، ئامىن!

# ئونىنچى باب

## جىنايەتچىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

«ئەسكەرلەر ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەيسا بىلەن بىللە ئىككى جىنايەتچىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىشكەندى. يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدىكى ‹ باش سۆڭەكسىمان تۆپىلىك › دەپ ئاتالغان جايغا بېرىپ، ئۇ يەردە ھەزرىتى ئەيسانى كرېستكە مىخلىدى. ئىككى جىنايەتچىنىڭمۇ بىرىنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنە بىرىنى سول تەرىپىگە مىخلىدى ۋە كرېستلەرنى تىكلەپ قويدى. ھەزرىتى ئەيسا:

ـ ئى ئاتا، مېنى خارلىغانلارنى كەچۈرۈم قىلغىن، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، ـ دېدى.

ئەسكەرلەر چەك تاشلىشىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بۆلۈشۈۋالدى. خالايىق قاراپ تۇرۇۋاتقاندا، يەھۇدىي ئاقساقاللار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

ـ ئۇ باشقىلارنى قۇتقۇزۇپتىكەن! ئەگەر راستتىن خۇدا تەيىنلىگەن قۇتقۇزغۇچى ـ مەسىھ بولغان بولسا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ باقمىسۇنمۇ!ـ دېيىشتى.

ئەسكەرلەرمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ، ناچار شاراب تەڭلەپ:

ـ ئەگەر سەن يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى بولساڭ، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ باق!ـ دېيىشتى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۈستىدىكى تاختىغا: ‹ بۇ كىشى يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى › دەپ يېزىلغانىدى. ھەزرىتى ئەيسا بىلەن بىللە كرېستكە مىخلانغان ئىككى جىنايەتچىنىڭ بىرى ئۇنى ھاقارەتلەپ:

- سەن خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ قۇتقۇزمامسەن؟-دېدى.

يەنە بىرى بولسا ھېلىقى جىنايەتچىنى ئەيىبلەپ:

- سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جازالىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟ بىزنىڭ جازالىنىشىمىز ھەقلىق. بىز ئۆز قىلمىشلىرىمىزنىڭ جازاسىنى تارتتۇق، لېكىن ئۇ ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغانغۇ!- دېدى. ئاندىن ئۇ ھەزرىتى ئەيساغا:

- ئى ئەيسا، پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە، مېنى ئۇنتۇمىغايسەن، -دېدى.

- بىلىپ قويكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن،-دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 23-باب، 32-ئايەتتىن 43-ئايەتكىچە).

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاجايىپ بىر ئەمەلىيەت خاتىرىلەنگەن، يەنى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر قاراقچى ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاشۇ دەقىقىدە قۇتقۇزۇلغان. چۈنكى، ئۇ ئەيسا مەسىھكە سەممىيلىك بىلەن ئىشەنگەن. جىنايىتى چېكىگە يەتكەن بۇ قاراقچىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ئەيسا مەسىھنىڭ بارلىق گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ جىنايەتچىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىنى بارلىق گۇناھكارلار ئۆرنەك قىلسا بولىدۇ.

## 1. تەسىرلىنىش

ئىككى جىنايەتچىنىڭ ئىچىدە قۇتقۇزۇلغىنىنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى ئۇنىڭ ئەينى چاغدا مەلۇم ئىشتىن تەسىرلەنگەنلىكىدىن بولغان. ئۇ زادى نېمىدىن تەسىرلەندى؟ بىز بۇنى جەزملەشتۈرەلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ تەسىرلىنىشىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرېست ئۈستىدىكى دۇئاسى بولغان. «ئى ئاتا ئۇلارنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ». بىر ئادەم ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ، يەنىلا باشقىلارنى ئويلىسا، بۇ خىل روھ باشقىلارغا چوقۇم تەسىر قىلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل مۇھەببەت

قاراقچىنى تەسىرلەندۈرگەن بولغاچقا، ئۇ گۇناھلىرىنى تونۇپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئىلتىجا قىلغان. ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرېستتىكى مۇھەببىتىنى چۈشىنىش بەكمۇ مۇھىم. بىزمۇ خۇدادىن قەلبىمىزنىڭ مۇشۇنداق مۇھەببەت بىلەن تولۇشىنى تىلەپ، باشقىلار ئۈچۈن بارلىقىمىزنى ۋە كۈچىمىزنى ئاتا قىلايلى.

## 2. ئۆز-ئۆزىنى بىلىش

«سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جازالىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟» (40-ئايەت).

باشقىلارنى مەسخىرە قىلماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ھېچبولمىغاندا، ئۆزىنىڭ مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتىدىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلىشى كېرەك. ئۆزىمۇ ئوخشاشلا جازالىنىپ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن تۇرۇقلۇق، بۇ قاراقچى باشقىلارنى مەسخىرە قىلغان. ئەيسا مەسىھ ئۆز گۇناھى ئۈچۈن جازالانغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەيسانى مەسخىرە قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. دېمەك، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئەيسانى مەسخىرە قىلىش سالاھىيىتى تېخىمۇ يوق. ھەزرىتى ئەيسانى ھازىرقى زاماندىكى تەنقىد قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويسۇن. ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئەيسا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسۇن. ھەزرىتى ئەيسا نېمە ئىشلارنى قىلغان؟ قانچىلىك ئادەمنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى گۇناھنىڭ قۇللۇقىدىن ئەركىن قىلغان؟ ئۇ قانچىلىك دۆلەت، قانچىلىك مىللەت ۋە ئىنسانىيەت مەدىنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن؟ ئۆزۈم قانچىلىك قىلالىدىم؟ ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانچىلىك تۆھپە قوشالىدىم، دەپ ئويلىشى كېرەك. قۇتقۇزۇلغان قاراقچىنىڭ ئۆز ھەمراھىنى مۇشۇنداق ئەيىبلىيەلىشى ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ جازالىنىشىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدە.

دىققەت قىلىڭكى، قۇتقۇزۇلغان جىنايەتچى بىلەن ھالاك بولغان جىنايەتچىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئالدىنقىسى ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى بىلگەن، كېيىنكىسى ئۆز گۇناھىنى تۆپتىن تونۇپ يېتەلمىگەن.

## 3.خۇدادىن قورقۇش

«. . . خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟» (40 ـ ئايەت)

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭدا خۇدادىن قورقىدىغان قەلب بار. ئۇ خۇدانىڭ بارلىقىنى ھەم گۇناھىنىڭ چوقۇم جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلگەن. شۇڭا، ئۇ ھەمراھىنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ خۇداغا شەك كەلتۈرىدىغان سۆزلىرىنى توسۇپ، ئۇنى سۆزلەتمىگەن. ھازىرقى كىشىلەر خۇدادىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتكەچكە، دۇنيا خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالماقتا.

قۇتقۇزۇلغان بۇ جىنايەتچى خۇدادىن ئەزەلدىن قورقىدىغان ئادەم ئەمەس، بولمىسا ئۇ قاراقچىلىق قىلمىغان بولاتتى. لېكىن، ئاشۇ دەقىقىدە ئۇ خۇدانىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى ھەم ئۇنىڭدىن چۆچۈدى. خۇداغا ئىشەنمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئاتېئىزمچىلارمۇ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا خۇداغا ئىشەنگەن، خۇدادىن قورققان. ئادەم نورمال تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئۆزىنىڭ خۇداغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ، لېكىن ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئۆزىنىڭ خۇداغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ چاغدا پۇل، مەرتىۋە، نام-ئاتاق ۋە ئاتېئىزمچىلىق تەلىماتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلبىنى ئالدىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. پەقەتلا كرېست ئۈستىدىكى مۇھەببەتلا ئۇنى ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم باشلاپ بارالايدۇ.

## 4. گۇناھىنى تونۇش

قۇتقۇزۇلغان جىنايەتچى ئۆز گۇناھلىرىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭ جازالىنىشىمىز ھەقلىق، بىز ئۆز قىلمىشىمىزنىڭ جازاسىنى تارتتۇق . . . » (41ـ ئايەت)

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئۆز گۇناھىنى تونۇغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر «مۇقەددەس كىتاب»تىكى گۇناھقا بولغان كۆز قاراشلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ يۇ، ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ

قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ گۇناھنى تونۇش ئەمەس. گۇناھنى تونۇش نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇن ئادەملەر خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھىنى تونۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، خۇدانىڭ ئالدىغا كەمتەرلىك بىلەن كېلىشنى خالىمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ جىنايەتچىگە ئوخشاش ئويغۇنالىسىدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغان بولاتتى.

## 5. ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش

«لېكىن، ئۇ ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغانغۇ!» (41ـئايەت).

مانا بۇ سۆز مۇشۇ ئايەتلەردىكى ئەڭ مۇھىم سۆز. بۇ سۆز ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆز خاتالىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ («پېترۇس يازغان 2ـ خەت» 2ـباب، 24ـئايەت). ئۇ بەلكىم ھەزرىتى ئەيسا توغرىسىدا كۆپ ئىشلارنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. «ئۇ ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغانغۇ» دېگەن بۇ سۆز ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەرىكەت جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتكە قارىتامۇ ھېچقانداق ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قىممىتى بولمىغان بولاتتى.

نۇرغۇن ئادەملەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشنى خالايدۇ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇربانلىق بېرىش روھىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇش مەسىھكە ئىشەنگەنلىك بولمايدۇ. تارىختا ئەزەلدىن ھەر داڭلىق ئادەملەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىزگە ئۈلگە بولالايدۇ. ئەگەر بىز ئەيسا مەسىھكە پەقەت ئۈلگە سۈپىتىدە قارىساق، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەيسا مەسىھتىن ئەمەس، ئەتراپىمىزدىكى ياخشى ئادەملەردىن ئۈلگە ئالساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەيسا مەسىھ پەقەت بىر ئۈلگە دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكى رەت قىلىنسا، بىز ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى ۋە مۇقەددەس روھنى قوبۇل قىلالمايمىز. قاراقچىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئۈلگە، تەلىم ۋە باشقا پەلسەپە ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ھەم ئۆزىنى

گۇناھتىن قۇتقۇزالايدىغان قۇتقۇزغۇچىدۇر. نەتىجىدە، ئۇ ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىگە ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق ئېرىشتى.

## 6. خۇدادىن تىلەش

«ئى ئەيسا، پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە،
مېنى ئۇنتۇمىغايسەن» (42- ئايەت)

بۇ ئايەتتە بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ نۇقتا بار.

1) كۆپچىلىك ھەزرىتى ئەيسانى رەت قىلىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، بۇ جىنايەتچى ئەيسانى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى، يەنى بۇ چاغدا مەيلى يەھۇدىيلار بولسۇن، كاھىنلار بولسۇن، رىملىق ئەمەلدارلار ياكى ئەسكەرلەر بولسۇن ھەممىسى ھەزرىتى ئەيسانى رەت قىلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا ئەيساغا ئىلتىجا قىلدى. بۇنداق ئىلتىجا ئۇنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن بىلەن باراۋەر («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب، 10- ۋە 13- ئايەت).

2) ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. «پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە» دېگەن بۇ سۆز ئەيسا مەسىھنىڭ قايتا كېلىپ پادىشاھلىقنى تىكلەيدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئالاھىدە قىممىتى بار. چۈنكى، بۇ سۆز ئەيسا مەسىھنىڭ زادىلا مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەتسە يەنە قايتا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3) ئۇنىڭ ئىلتىجاسى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن قىلىنغان. «پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە، مېنى ئۇنتۇمىغايسەن» ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدۇ، لېكىن ئۆزىنى ئەرزىمەس دەپ قاراپ، پەقەتلا ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇماسلىقىنى تىلىگەن. ھەر بىر توۋا قىلغۇچى ئۆزىنى ئەرزىمەس دەپ قارايدۇ، چۈنكى، گۇناھىنى ھەقىقىي تونۇغان ئادەم ئۆزىنى كەمتەر تۇتالايدۇ. كەمتەر ئادەملا ئۆز-ئۆزىنى ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن دۇئا قىلالايدۇ. «مېنى ئۇنتۇمىغايسەن» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ پەقەت ھەزرىتى ئەيسا ئۇنتۇمىسا، ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىدىن ئۈمىد بارلىقىغا ئىشەنگەن.

جىنايەتچى «پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە، . . .» دەپ، ھەزرىتى

ئەيسانىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ھەزرىتى ئەيسا ئۇنى قۇتقۇزالايدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ھەزرىتى ئەيسا قايتا كەلگەندە ئادەم قۇتقۇزمايدۇ، بەلكى ئادەملەرنى سوراق قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ جىنايەتچىنىڭ بۇ دۇئاسى قوبۇل قىلىنغان. چۈنكى سەممىيلىك بىلەن قىلىنغان دۇئا بولسىلا، خۇدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاشنى خالايدۇ. گەرچە قىلغان سۆزلىرىمىزدە ھەقىقەت توغرىسىدىكى بىلىم كەمچىل بولسىمۇ، خۇدا دۇئالىرىمىزنى ئىجاۋەت قىلىدۇ.

## 7. قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش

«بىلىپ قويكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە
جەننەتتە بولىسەن، دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا»

بۇ سۆز بۇ جىنايەتچىنىڭ بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا قۇتقۇزۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز.

1) قۇتقۇزۇلۇش ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولىدىغان ئىش. چىن كۆڭلىمىزدىن ھەزرىتى ئەيساغا تايانساقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمىز، ئاخىرەتنى ساقلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 24- ئايەت).

2) قۇتقۇزۇلغانلىقىمىزنى ھايات ۋاقتىمىزدىلا بىلەلەيمىز («يۇھاننا يازغان 1- خەت» 5- باب، 13-ئايەت).

3) قۇتقۇزۇلۇش پەقەتلا ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىدىن كېلىدۇ. قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ساۋابلىق قىلىش، چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلىش، دىنغا ئىشىنىش، نۇرغۇن داۋلىلارنى بىلىشلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

بۇ جىنايەتچى بىر ئۆمۈر ئەسكى ئىشلارنى قىلغان، ئۇ ئەيساغا ئىشەنگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا قۇتقۇزۇلدى. دېمەك، قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپات ھەم ئىشىنىشكە باغلىق. بۇنىڭغا باشقا شەرتلەرنى قوشۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، بىز بۇنىڭلىق بىلەن ياخشى ئىشلارنى، سۇغا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلمىساقمۇ بولىدىكەن، دەپ قارىساق بولمايدۇ. بۇلار بىر ئېتىقادچىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. بۇنىڭدىن بىز ئادەتتە خۇداغا ئىشەنمىسەكمۇ، ئۆلۈشكە ئاز قالغاندا

ئىشەنسەكمۇ بولىدۇ، دەپ ئويلىساق بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆزىنىڭ قاچان، قانداق شەكىلدە ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ.

«بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن» دېگەن بۇ ئىجازەت كىرىست ئۈستىدىكى قاراقچىغىلا ئەمەس، يەنە ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنگەن بارلىق ئادەملەرگىمۇ قارىتىلغان. دېمەك، چىن قەلبىدىن ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەنلەر بۈگۈنىنىڭ ئۆزىدىلا قۇتقۇزۇلىدۇ.

# ئون بىرىنچى باب

## ھالاك بولغان جىنايەتچى

«باش سۆڭەكسىمان تۆپىلىك»تە قۇتقۇزۇلغان جىنايەتچىدىن باشقا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرېستىنىڭ يېنىدا، يەنە بىر ھالاك بولغان جىنايەتچىمۇ بار ئىدى. زادى نېمە ئۈچۈن بىرى ھالاك بولۇپ، يەنە بىرى قۇتقۇزۇلدۇ؟ بۇ بىز كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە.

### 1. ئۇنىڭدا مەن گۇناھكار دېگەن ئاڭ يوق

ھالاك بولغان بۇ جىنايەتچى قاراڭغۇلۇقتا قالغان، ئاداققىچە بوينى قاتتىق بارلىق ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى تارتىۋاتقان جازا ۋە ئازابتىن ئازراقمۇ چۆچۈمىگەن ھەم قەلبى يۇمشىمىغان. ئۇ قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن كرېستكە مىخلىنىپ، ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا باشقىلارنى مازاق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى نېمە دېگەن قارا-ھە! بۇنىڭدىن بىز تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز.

1) باشقىلارنىڭ خاتالىقىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭكىنى كۆرمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

2) قانۇننىڭ جازاسى گەرچە ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالەتتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرگە گۇناھىنى تونۇش ئېڭىنى بېرەلمەيدۇ ياكى توۋا قىلدۇرالمايدۇ. نەپرەتلىنىشنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەقەت مۇھەببەتلا مۇھەببەتنى پەيدا قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا قانۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ.

### 2. ئۇ كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ئادەم

ئۇ ھەزرىتى ئەيساغا: «سەن خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچى ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ قۇتقۇزمامسەن؟» دېدى. بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى يوق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى باشقىلار ئاللىقاچان

دەپ بولغان (35ـ ئايەتكە دىققەت قىلىڭ). نۇرغۇن ئادەملەر ھەزرىتى ئەيسانى پۈتۈنلەي چۈشەنمەي تۇرۇپ، «مۇقەددەس كىتاب»نى ئوقۇماي تۇرۇپ، خىرىستىئان دىنىنى تەنقىدلەيدۇ. ئۇلار باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان گەپلەر بىلەن ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئىشلارنى ئەيىبلەيدۇ. بۇ قاراقچىنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى ئەيىبلىشىمۇ مۇنداق ئۈچ سەۋەبتىن مۇستەسنا ئەمەس.

1) نۇرغۇن ئادەملەر ھەزرىتى ئەيسانى رەت قىلغاچقا، كۆپچىلىككە ئەگەشسەم زىيان تارتمايمەن، دەپ ئويلىغان.

2) مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆزىگە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماقچى بولغان.

3) ئۇنىڭدا يامانلىق قىلىش ھەم باشقىلارغا زىيان سېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان قەلب بار.

ئۇ چاغدا ئۇ ھەرگىزمۇ قولى بىلەن ئەسكىلىك قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئېغىزىنى ئىشلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى ئەيىبلىشى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يەڭگىللىتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئاشكارىلايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر كۆپچىلىك تەرەپتە تۇرساقلا غەلبە قىلىمىز، قايسى تەرەپنىڭ كۈچى زور، ئادىمى كۆپ، پۇلى جىق بولسا، شۇ تەرەپتە تۇرساق زىيان تارتمايمىز، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئېتىقادچىلار پەقەتلا ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇشى كېرەك. كۆپچىلىككىلا بويسۇنۇپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغانلار ئاجىزلاردۇر. ئېتىقادچىلار بۇنى نومۇس، دەپ بىلىشى كېرەك. مۇھەببەت بىلەن قىلىنغان بارلىق ئىشلار سەممىيلىكتىن چىقىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك.

## 3. ئۇ پەقەتلا تېنىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى ئۈمىد قىلغان

ھالاك بولغان بۇ جىنايەتچىنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بىلەن قۇتقۇزۇلغان جىنايەتچىنىڭ ئېرىشكەن قۇتقۇزۇلۇشى ئوخشىمايدۇ. ھالاك بولغىنى دەيدۇكى: «ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ قۇتقۇزمامسەن؟» بۇنىڭ مەنىسى ئەلۋەتتە كرېستتىن چۈشۈپ كەتسەكلا ئۆلمەيمىز ئەمەسمۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئېيتقىنى تەنىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى. ئەمەلىيەتتە، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنى كرېستتىن چۈشۈرۈپ قويسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە كرېستكە مىخلىنىدىغان كۈنى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر قارا نىيەت، قەبىھ قاراقچى.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھتىن ئۈمىد

قىلىدىغىنى بىر قېتىملىق خېيىم-خەتەر، كېسەللىك ياكى تەنگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن قۇتقۇزۇلۇشنى ئۈمىد قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ مەسىھنىڭ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى ئەمەس. بۇ خىل قۇتقۇزۇش ئادەملەرنى مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدىن ۋە گۇناھتىن خالىي قىلالمايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر شەكىل جەھەتتىنلا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولسا يېتەرلىك، دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن ئاتالمىش ئېتىقادچىلار تاماكا-ھاراقنى تاشلىساق، بەزى دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆگىنىۋالساق يېتەرلىك، دەپ قارايدۇ. لېكىن، بىز قايتىدىن تۇغۇلمىساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكىل جەھەتتىكى ئىشلاردۇر. رەبنىڭ قۇتقۇزۇشى بىزنىڭ چاپىنىمىزغا ياماق سېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى بىز ئۈچۈن يېڭى كىيىم ئالماشتۇرۇشتۇر.

## 4. ئۇ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ پرىنسىپىنى چۈشەنمىدى

خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ئىككى مۇھىم پرىنسىپقا ئاساسەن بولىدۇ.

1) خۇدانىڭ ئادىللىقىغا ماس كېلىشى كېرەك.

2) خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ «گۇناھكارلار ئۈچۈن قۇربان بولۇش» تەك مۇھىم ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

دېمەك، پەقەتلا ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربان بولۇشى خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى تامامليالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يول يوق. بۇ جىنايەتچى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈشىگە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قارىغاچقا، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش پرىنسىپىنى چۈشەنمىدى. ئەگەر ھەزرىتى ئەيسا مۆجىزە كۆرسىتىپ ئۇنى كرېستتىن چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، خۇدانىڭ ئادىللىقىغا توغرا كەلمەيلا قالماستىن، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت قانۇنىغىمۇ خىلاپ ئىدى. چۈنكى، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى نېمە سەۋەبتىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ؟ ئەگەر ئۇ كرېستتىن چۈشۈرۈۋېتىلسە، بۇنىڭ تۈرمە بۇلاش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ھەزرىتى ئەيسا شۇ چاغدا ئۆزىنى قۇتقۇزغان بولسا، ئۆزىنى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگەن بولسا، خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ئادىللىق ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايتتى.

خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى، ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى قۇتقۇزمىدى، ئۇ بۇ جىنايەتچىنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئۈن-تۈنسىز قوبۇل قىلدى. شۇڭلاشقا، بىز بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشتۇق.

## 5. ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇمىدى

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ جىنايەتچىنىڭ ئەيسا مەسىھكە نىسبەتەن ئازراقمۇ ئىشەنچى يوق. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. گەرچە ئۇ پەقەت ئىككى ئېغىزلا سۆز قىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھنى كەمسىتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇ ئۆزى كەمسىتىلىشكە ئەڭ لايىق بولسىمۇ، ئۇ ھەزرىتى ئەيسانى يەنىلا ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرگەن. بۇ ئۇنىڭ تاشقى قىياپەتكە ۋە ئۆزىنىڭ نادانلىقىغا تايىنىپ ھەزرىتى ئەيساغا باھا بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بەلكىم ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالاھىدە تاشقى قىياپىتىنىڭ يوقلۇقىغا، ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىغا قاراپ، «ئۇ قانداقمۇ قۇتقۇزغۇچى بولالىسۇن» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىزىگە ئاساسەن ھەزرىتى ئەيسانىمۇ جىنايەتچى، بولمىسا كرېستكە مىخلىناتتىمۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئويى بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى قۇربانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەر مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە يۈز تۇتقانلارغا نىسبەتەن بىر ئەخمىقانىلىقتۇر. لېكىن، قۇتقۇزۇلۇش يولىدا مېڭىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن ئۇ خۇدانىڭ بىزنى قۇتقۇزىدىغان كۈچ-قۇدرىتىدۇر».

> «خۇدا ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن شۇنى بەلگىلىگەنكى، ئىنسانلار ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ھەرگىز خۇدانى تونۇيالمايدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا، ‹ئەخمىقانىلىك› دەپ قارالغان بۇ خۇش خەۋەر ئارقىلىقلا ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنى قۇتقۇزۇشتۇر» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1-خەت» 1-باب، 18- ۋە 21-ئايەت).

## 6. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى

گەرچە بۇ قاراقچى ئۆمرىدە نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭغا يەنىلا قۇچاق ئاچتى، يەنىلا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنى ئاتا قىلدى. خۇدا قۇتقۇزغۇچىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ پاك كرېستنى ئۇنىڭ كرېستى بىلەن بىر قاتاردا قويىدى. بۇ چاغدا (يەنە بىر جىنايەتچىدىن باشقا) ئەيسا مەسىھكە ھېچكىم ئۇنىڭدەك يېقىن تۇرغان ئەمەس. ئۇ ئۆگزىدىن ھېلىقى پالەچ كىشىدەك ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈلۈشكە ھاجەت ئەمەس«ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 1- ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە)، ھەم قارىغۇ بارتۇمايدەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلاپ، قۇتقۇزۇلۇش پۇرستىگە ئېرىششكە موھتاج ئەمەس(«ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 46-ئايەتتىن 52-ئايەتكىچە). چۈنكى، خۇدا قۇتقۇزغۇچىنى ئۇنىڭ ئالدىغىلا ئەكىلىپ بەرگەن، قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئالتە سائەت ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى ساقلىغان! ئەپسۇس، ئۇ بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدى.

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ خاتالىقنى ئۆتكۈزمەكتە. ئىبادەتخانا كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ كىرىشنى خالىمايدۇ، يېقىن دوستلىرى ئۇلارنى تەكلىپ قىلسىمۇ، ئۇلار قاتتىقلىق قىلىدۇ.

قەدىرلىك دوستۇم، سىز بۇ جىنايەتچىدەك ھالاك بولۇش يولىدا مېڭىۋاتامسىز؟ بۇ جىنايەتچى نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدى؟ سەۋەبى ئۇنىڭ قەلبى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تولغان. گەرچە خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ھاكاۋۇر ئادەم ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ جىنايەتچى ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش گۇناھىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىلىملىك كىشىلەر ھاكاۋۇرلۇق قىلىپلا قالماستىن، نۇرغۇنلىغان ئەڭ كېرەكسىز، ئەڭ دۆت، ئەڭ قەبىھ ئادەملەرمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئەڭ قىممەتلىك بولغان روھنى يوقىتىپ قويىدۇ. قەدىرلىك دوستۇم، كەمتەر بولغايسىز.

> «خۇدا قارشىدۇر تەكەببۇرلارغا، مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ كەمتەرلەرگە» («ياقۇپ يازغان خەت» 4-باب، 6-ئايەت).

# ئون ئىككىنچى باب

## جىنايەتچىلەرنىڭ قاتارىدىكى ئەيسا مەسىھ

ئەيسا مەسىھ ئىككى جىنايەتچى بىلەن بىرلىكتە كرېستكە مىخلاندى. بۇنى يەشايا پەيغەمبەر ئالدىن بېشارەت قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ جىنايەتچىلەر قاتارىغا تىزىلدى. لېكىن، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇلار ئۇچراشقا تېگىشلىك جازانى ئۆز ئۈستىگە ئالدى» («يەشايا» 53ـ باب، 12ـ ئايەت).

تۆۋەندە بىز جىنايەتچىلەر قاتارىدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ زادى قانداق رەب ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقايلى.

### 1. ئەيسا مەسىھ خۇدا ئالدىن بەلگىلىگەن بىز ئۈچۈن قۇربان بولىدىغان قۇتقۇزغۇچى

پەيغەمبەرلەر ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئالدىن بېشارەتلەرنى بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇدا ئەيسا مەسىھنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە ئالدىن بېكىتكەن. خۇددى پېترۇس ئېيتقاندەك: «خۇدانىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە پىلانى بويىچە ھەزرىتى ئەيسا ئادەملەرگە تاپشۇرۇلدى» («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى»2ـ باب، 23ـ ئايەت). دېمەك، مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىشى خۇدانىڭ پىلانىنىڭ سىرتىدىكى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. خۇدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇشنى ئاللىقاچان پىلانلىغان. خۇدانىڭ بىزنى قۇتقۇزۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چوڭ ئىش بولغاچقا، ئۇ ھەممىنى ئالدىن پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان.

### 2. ئەيسا مەسىھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى («پېترۇس يازغان 1ـ خەت» 2ـباب، 14ـئايەتكە قاراڭ)

پەرىشتە ياكى خۇدا تاللىغان ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەيسا

مەسىھنىڭ ئۆزى جىنايەتچىلەر بىلەن بىر قاتاردا كرېستكە مىخلاندى. بۇنىڭدىن بىز ئەيسا مەسىھنىڭ شەخسەن ئۆزى گۇناھلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، ئۆزى كېلىپ گۇناھكارلارنى ئىزدىگەنلىكىنى، ئۆزى كېلىپ كىشىلەرگە خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى كېلىپ، گۇناھنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ؟ چۈنكى، ھېچكىمدە گۇناھكارلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان مۇنداق مۇھەببەت يوق.

> «ياخشى ئادەم ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلار تېپىلىشى ناتايىن. لېكىن، ئالاھىدە ياخشى ئادەملەر ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلار تېپىلىشى مۇمكىن. ئەيسا مەسىھ بولسا بىز تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدىلا بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى. مانا بۇ ئارقىلىق خۇدا ئۆزىنىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىسپاتلىدى» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 7-، 8-ئايەت).

دۇنيادا ئۆز دۆلىتى ۋە ياخشى ئادەملەر ئۈچۈن قۇربان بولىدىغان ئادەملەر بار، لېكىن يامان ئادەملەر ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالايدىغانلار چىقمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئادەمنى بارمۇ دەيلى، لېكىن دۇنيادىكى ھەممە ئادەم گۇناھكار بولغاچقا، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا سالاھىيىتى توشىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. پەقەت ئەيسا مەسىھلا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا سالاھىيىتى توشىدۇ. شۇڭلاشقا پەقەت ئۇلا بىزگە ھاياتلىق يولى ئاتا قىلالايدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئاجايىپ بىر مۆجىزە-ھە!

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى كېلىپ بىزنى ئىزدەپ، بىزنى قۇتقۇزغانىكەن، بىزمۇ مەسىھ ئۈچۈن ئۆز قولىمىز بىلەن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. پۇل ئىئانە قىلىپ، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ياردەم قىلىش ياخشى ئىش. لېكىن، بىز ئۆزىمىز خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلساق، ئۆز ئېغىزىمىز بىلەن خۇش خەۋەر تارقاتساق، خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسەتكەن بولىمىز.

## 3. ئەيسا مەسىھ گۇناھكارلارنىڭ گەپ ياندۇرۇشىغا سەۋر-تاقەت قىلغان مەسىھ

ئەسكەرلەر ھەزرىتى ئەيسانى كرېستكە مىخلىغاندىن كېيىن، خالايىق ۋە

يەھۇدىي ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا: «ئۇ باشقىلارنى قۇتقۇزۇپتىكەن، ئەگەر راستتىن خۇدا تەيىنلىگەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھ بولسا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ باقمامسۇنمۇ؟» دېيىشتى. مەسخىرە قىلغۇاتقان ئاشۇ كىشىلەر خۇددى غالىپلاردەك، ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىنى ئەسىرگە ئېلىۋالغاندەك ئۇنىڭغا ھەدەپ ھاقارەت ياغدۇرۇۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا نەپرىتىنى قوزغىغۇدەك نېمە ئىش قىلدى؟ ئۇ تېخى ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى ساقايتقان، ئۇلار ئۇچۇن نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ تېخى بەش نان، ئىككى بېلىق بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغان، ئېغىزىدىن ئۇلارغا شاپائەت سۆزلىرىنى تامچىتقان، ئۇلارغا گۇناھتىن ۋە ساختىلىقتىن ئايرىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان ئەمەسمىدى؟ «ئۇ ھېچقانداق يامان ئىش قىلىپ باقمىغان». لېكىن، ئۇلار دائىم بىكاردىن-بىكار ئەيسا مەسىھنى مەسخىرە قىلىپ: «ئۇ ياغاچچىنىڭ ئوغلىغۇ؟ ئوقۇمىغان ئادەم كىشىلەرگە قانداقمۇ تەلىم بېرەلىسۇن؟» دەيتتى. ھەتتا، ئۇنىڭغا جىن چاپلاشقان دەپمۇ بوھتان چاپلىغانىدى. ئۇلار ئەيسا مەسىھ كرېستكە مىخلىنىشتىن ئاۋۋالقى ئاخشىمى ئۇنى سوراق قىلغاندا، ئۇنى ئۇرۇپ سوراق قىلغان. ئەيسا مەسىھ كرېستكە مىخلانغاندىن كېيىنمۇ، بىر تەرەپتىن ئۇنى مەسخىرە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ئەخمەق قىلىشقان. ئۇلار ئۇنىڭ باش قىسمىغا «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» دەپ يېزىلغان تاختىنى مىخلاپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقسۇ ئىچكۈزگەن. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەزرىتى ئەيسانى تەبرىكلىمەكچى بولۇشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەزرىتى ئەيسانى ھاقارەتلىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشقان. ھەتتا ئۇنىڭ يېنىدىكى جىنايەتچىمۇ ئۇنى ئەيىبلەشكە پېتىنالىغان.

ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ھاقارەتلىنىش ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ ئۆزى ئەڭ پاك، ئەڭ دانىشمەن تۇرۇپ، ئەڭ دۆت ۋە ئەڭ ئەقىلسىز ئادەملەرنىڭ ھاقارەتلىشىگە چىداپ ئۆتكەن. ئادەملەر ئۇنى رەت قىلىپلا قالماي، ئاسماندىكى ئاتىمۇ ئۇنى تاشلىۋەتكەن. ئۇ كرېست ئۈستىدە قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «ئى ئاتام! ئى ئاتام! مېنى نېمىشقا تاشلىۋېتىسەن!» دەيدۇ. خۇدا نېمە ئۇچۇن ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا كرېستتىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزمايدۇ؟ چۈنكى، ئۇ «بىز گۇناھكارلارنىڭ ئورنىغا گۇناھكار بولدى». ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب بىزنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇندۇر.

قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەن ئېتىقادچىلار مەنمۇ ئەيسا مەسىھ ئۇچۇن

ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلىدىممۇ يوق، دەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. بىز ئېتىقادچى ئەمەسلەرنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، ھەزرىتى ئەيسا ئۈچۈن ئۇچراۋاتىمەنغۇ دەپ باتۇرلۇق بىلەن چىدىيالىدۇقمۇ يوق؟ بىز خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتىمىزنى قۇربان قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى تاللىدۇقمۇ ياكى باشقىلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇشنى تاللىدۇقمۇ؟ ھەر بىر ئېتىقادچى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەككى، ئەگەر باشقىلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم بولماقچى بولساق، ئۆزىنى ئۇنتۇغان، ئۆزىمىزنى قۇربان قىلالايدىغان ئادەم بولۇشىمىز لازىم.

## 4. ئەيسا مەسىھ ھالاكەتتىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا بارىدىغان بىردىنبىر يول

«باش سۆڭەكسىمان تۆپىلىك»تىكى ئۈچ كىرېست قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئوبرازىدۇر. بىر تەرەپتىكىسى ھالاك بولغان جىنايەتچى، يەنە بىر تەرەپتىكىسى قۇتقۇزۇلغان جىنايەتچى، ئوتتۇرىسىدىكى قۇتقۇزغۇچى رەب. بۇ كۆرۈنۈش بىزگە چۈشكۈنلۈكتىن قۇتقۇزۇلۇشقا، ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا قانداق مېڭىشنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. يەنى، بىز ئوتتۇرىدىكى كرېستكە مىخلانغان ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەنزىلگە يېتەلەيمىز. ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «يول ئۆزۈمدۇرمەن . . . مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14ـباب، 6ـئايەت).

ئۇلار ئەيسا مەسىھنى ئەڭ مۇھىم جىنايەتچى دەپ قارىغاچقا، ئۇنى ئىككى جىنايەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىخلىدى. مۇقەددەس رەبنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھكارغا ئايلىنىشى ھەرگىزمۇ ئۆزىدىكى گۇناھلاردىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئادەملىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈندۇر. ئۇ كرېستتە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتقان چاغدا، ئەڭ چوڭ گۇناھكارغا ئايلىنىپ، خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن گۇناھكارلارنىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزۇلۇش يولى بولىدۇ؟ چۈنكى پەقەت ئۇلا گۇناھكارلار ئۈچۈن مۇشۇنداق جازانى قوبۇل قىلغان.

دىققەت: ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرېستى ئىككى جىنايەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، دېمەك ئۇ ئىككىسىنىڭلا قۇتقۇزۇلۇش پۇرستى ئوخشاش. ھەزرىتى ئەيسا ھەرگىزمۇ بۇنى قۇتقۇزىمەن، ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق دېمەيدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا قۇتقۇزغۇچىسى ئەمەس، بەلكى، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ

قۇتقۇزغۇچىسىدۇر. ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ھالاك بولغان جىنايەتچىنىڭ ئۆلۈشى خۇدانىڭ ئۇنى قۇتقۇزمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى قۇتقۇزۇشنى رەت قىلغان. ھازىرقى ئادەملەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھالاك بولۇشى، خۇدانىڭ ئۇنى قۇتقۇزمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقىدا. خۇدانىڭ سوراق تەختى ئالدىدا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، چۈنكى خۇدا قۇتقۇزۇلۇش پۇرسىتىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان. نېمە ئۈچۈن بىر جىنايەتچى قۇتقۇزۇلۇپ، يەنە بىر جىنايەتچى ھالاك بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە بەزىلىرى قۇتقۇزۇلۇپ، بەزىلىرى يەنىلا گۇناھنىڭ ئىلكىدە قالىدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدا بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھالاك بولغۇچىنىڭ قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدا.

## 5. ئەيسا مەسىھ تەلتۆكۈس قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىدۇر

ئەيسا مەسىھ بىللە كرېستكە مىخلانغان جىنايەتچى ئەيسا مەسىھكە: «ئى ئەيسا، پادىشاھلىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە، مېنى ئۇنتۇمىغايسەن؟» دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن دەرھال: «بىلىپ قويكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن» دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى مۇھىم بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەقىقەت شۇكى: ھەزرىتى ئەيسا تەلتۆكۈس قۇتقۇزۇش ئىگە بولغان قۇتقۇزغۇچىدۇر.

بىرىنچى، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئۆزى مۇكەممەل، تەلتۆكۈستۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنى ئۆلگەندىن كېيىن، جەننەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ جىنايەتچىگىمۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. بۇ سۆز بىزگە رەبنىڭ مۇكەممەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ گەرچە كۆپچىلىكنىڭ گۇناھىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۆلۈمدىن تىرىلدى. ئاشۇ ئادەملەر ئۇنى كرېستكە مىخلىيالىغىنى بىلەن، لېكىن ئۇنىڭ جەننەتكە بېرىشىنى ھەم جىنايەتچىنى جەننەتكە ئېلىپ بېرىشىنىمۇ توساپ قالالمىدى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن مۇكەممەلدۇر. دىققەت: ئەگەر ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنى ئالدامچى دېيىش كېرەك. بىراق، خۇش خەۋەر كىتابلىرىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەم ئۇلاردىن ئالدامچىلىقنىڭ ئىزناسىنى

تاپالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنىڭ ھەقىقەتتىن چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن قۇتقۇزغۇچىنىڭ تۆلىگەن بەدىلىنىڭ ئۈنۈمى تەلتۆكۈستۇر. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاشۇ جىنايەتچىنىڭ جەننەتكە بېرىشىغا ئىجازەت بېرىشى ئۇنىڭ قۇربانلىقىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆمۈر بويى ئەسكى ئىشلارنى قىلغان بۇنداق ئادەمگە جەننەتكە بېرىش ئىجازىتىنى بېرىش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. جەننەت گۇناھتىن خالىي جاي. بۇ يەردە بۇ خىل ئىجازەتنىڭ بېرىلىشىدە پەقەت ئىككى مۇمكىنچىلىك بار.

1) ئۇنىڭ قانداق گۇناھى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنى جەننەتكە ئەپلەپ-سەپلەپ ئېلىپ باردى. ھەممىمىز بىلىمىزكى، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

2) ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلىنى پۈتۈنلەي تۆلەپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىشەنگەن ئاشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە پاكلىدى. ئاندىن ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ باردى.

مانا ئىككىنچى تۈرلۈك مۇمكىنچىلىك ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ جىنايەتچى ۋە بارلىق ئېتىقادچىلار ئۈچۈن قىلغىنىدۇر.

دىققەت: بۇ جىنايەتچىنىڭ تېخى يۇيۇلمىغان ئازراقلا گۇناھى بولغان بولسا، ئۇ يەنىلا جەننەتكە بارالمايتتى. لېكىن، ئۇ جەننەتكە بارالىدى. بۇنىڭدىن بىز قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تەلتۆكۈس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھەزرىتى ئەيسا ئازراقمۇ داغ قالدۇرمىغان بولۇپ، جىنايەتچىنىڭ ئىشىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يەنە ئەجىر قىلىپ داغنى يوقىتىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرمىغان. ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ جىنايەتچى چوقۇم ھالاك بولغان بولاتتى. بىز قۇتقۇزۇلۇشنىڭ پۈتۈنلەي ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىمىزنىڭ ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. «ياخشى ئىشلارنى قىلساق، قۇتقۇزۇلىمىز» دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك. بىلىشىمىز كېرەككى، ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. ئۇنىڭدىن ماختىنىش ھاجەتسىز. بۇ ئىشلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىمىزنىڭ شەرتى بولۇشقا لايىق ئەمەس. مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلتىپاتىدىن كېلىدۇ. ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشنى مەلۇم تەرەپتىكى ياخشى ئىشتىن دەپ ئېيتالمايدۇ. ئېسىمىزدە چىڭ تۇرسۇنكى، بىز بىر ئۆمۈر بىرەر ئىشنىمۇ خاتا قىلماي ياخشىلىق قىلىپ ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ماختىنىشىمىزغا ئورۇن يوق.

چۈنكى، بىز پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق خالاس.

## 6. ئەيسا مەسىھ گۇناھكارلارغا شاپائەت قىلغۇچىدۇر

ھەزرىتى ئەيسانىڭ توۋا قىلغان جىنايەتچىنىڭ دۇئاسىغا شۇنچە تېز جاۋاب بېرىشى رەبنىڭ گۇناھكارلارغا شاپائەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ جاۋاب بەرگەندە ئىككىلەنمىدى، ئويلانمىدى. دېمەك، ھەزرىتى ئەيسا توۋا قىلىپ قىلىنغان دۇئاغا ھازىر جاۋاب، چۈشكۈنلەشكەنلەرنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلايدۇ. گەرچە كرېست ئاستىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەر خىل سۆزلەر بىلەن ئۇنى مەسخىرە قىلغان، ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى شۇ قەدەر زىدە قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئۇلارنى ئۆچ كۆرمىدى ياكى ئۇلارغا جاۋاب ياندۇرمىدى، ئەكسىچە ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا دۇئا قىلدى.

قەدىرلىك دوستۇم، سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن قۇربان بولغان ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىڭىز قىلىشنى خالامسىز؟ ئۇ بۇگۈنمۇ ئوخشاشلا سىزنى قۇتقۇزاي دەپ سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئەيسا مەسىھكە قانداق ئېتىقاد قىلىش كېرەك؟

بۇددا دىنىغا ئىشىنىشتە كۈجە كۆيدۈرۈپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ باش قويۇلىدۇ، گۆشسىز تاماق يەپ، نوم ئوقۇلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشتە قۇرئان ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، قىرائەت قىلىنىدۇ ھەمدە قۇربى يەتكەنلەر مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئەيسا مەسىھكە قانداق ئېتىقاد قىلىش لازىم؟ ئەيسا مەسىھنىڭ سامارىيىلىك بىر ئايال بىلەن قىلغان پارىڭغا قۇلاق سالايلى:

> «شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇ، شۇنداقلا كېلىپ قالدىكى، كىشىلەر روھى بىلەن ۋە خۇدا ئاشكارىلىغان ھەقىقەت بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 23-ئايەت).

دېمەك، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشتا دىققەت قىلىنىدىغان ئىش ئىبادەت قىلىش شەكلىدە ئەمەس، تاشقى قىياپەتتىكى سەممىيلىكتە ياكى مەلۇم جايغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشتا ئەمەس، بەلكى قەلبتىكى سەممىيلىكتىدۇر. چۈنكى، خۇدا روھتۇر. خۇدا ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلەيدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە تەقدىم قىلىدىغىنى ساختا تىنچلىق ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ ھەقىقىي تىنچلىقىدۇر. خۇدانىڭ كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنى كېرەك بولغاندا ئىزدەيدىغان سودا خاراكتېرىدىكى دوستلۇق ئەمەس، بەلكى كەنجى ئوغۇلنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىگە ئوخشايدىغان ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا، ئەيسا مەسىھكە قانداق ئىشىنىش مەسىلىسى ھەقىقىي خۇدا بىلەن قانداق يېڭى مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەسىلىسىدۇر. تۆۋەندىكى بەش نۇقتا ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشتىكى مۇھىم جەرياندۇر.

### 1. توۋا قىلىپ ئېتىقاد قىلىش كېرەك

ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشتا گۇناھىنى تونۇپ، توۋا قىلىش باسقۇچى

بولۇشى كېرەك. چۈنكى، كىشى گۇناھنى بىلمىگەندە، ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر گۇناھ ھەقىقەتەن تونۇلسا، چوقۇم توۋا قىلىپ تۈزىتىش كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ توۋا قىلىپ، گۇناھىنى تۈزىتىشنىڭ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش رولى بار، دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن، ئەيسا مەسىھكە سەممىيلىك بىلەن ئېتىقاد قىلغان كىشىدە بۇ جەريان چوقۇم بولىدۇ. پەقەتلا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىمەن دەپ قويۇپ ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلمىغانلار خۇدانىڭ نەزىرىدە ساختا ئىشەنگۈچىلەردۇر، بۇنىڭ ئىشەنمەسلىك بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق.

چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تەييارلاپ، توۋا قىلغۇچىلارنى سۇغا چۆمۈلدۈرگەن. ئەينى چاغدا بىر قىسىم پەرىسىي دىنىي ئېقىمدىكىلەر بىلەن سادوقىي دىنىي ئېقىمدىكىلەرمۇ باشقىلارنىڭ يەھيانىڭ يېنىغا بېرىپ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەھيانىڭ يېنىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلمەكچى بولىدۇ. لېكىن، يەھيا ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ:

«ئەي زەھەرلىك يىلانلار، كىم سىلەرگە كەلگۈسىدىكى غەزەپتىن قۇتۇلالايسىلەر دەپ كۆرسەتتى؟ سىلەرنىڭ بەرگەن مېۋەڭلار توۋا قىلغان قەلبىڭلار بىلەن ماس كېلىشى كېرەك» («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 7-، 8-ئايەت).

ئۇلار ھەقىقىي توۋا قىلماي تۇرۇپ، توۋا قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، چۆمۈلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندى. يەھيا پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ھەر بىر ئادەم چوقۇم سەممىيلىك بىلەن توۋا قىلىپ، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. لېكىن، گۇناھىنى قانداق قىلغاندا سەممىيلىك بىلەن تونۇغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چىن قەلبىتىن ئۆزىمىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى سېزىشىمىز كېرەك. گۇناھلىرىمىزنى سېزەلمىسەك، گۇناھنى ھەرگىزمۇ سەممىيلىك بىلەن تونۇيالمايمىز. ھەزرىتى ئەيسا كىشىلەرنىڭ ئۆز گۇناھىنى تونۇشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. ئۇ ئاتا قىلغان مۇقەددەس روھ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خىزمەت قىلىپ، ئۆزىدىكى گۇناھنى تونۇتقۇزىدۇ. ئادەم ئۆزىگە تايانغاندا، دائىم باشقىلارنىڭ خاتالىقىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭكىنى ئاسان كۆرەلمەيدۇ. بۇ خۇددى قاراڭغۇلۇقتىكى ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى مەينەتچىلىكنى

كۆرەلمەيدىغانلىقىغا ئوخشاش. لېكىن، مەيلى كىم بولسۇن ئۆز قەلب ئىشكىنى ئېچىپ، مۇقەددەس روھنى تەكلىپ قىلسا، ئۇ ئۆزىدىكى مەينەتچىلىكنى، يەنى ئۆز گۇناھىنى خۇددى يورۇقلۇق ئاستىدا تۇرغاندەك تونۇپ يېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق «يورۇتۇشقا» ئېرىشكەنلەر سەممىي، كەمتەر بولۇپ، توۋا قىلىپ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنەلەيدۇ. مۇقەددەس روھ ئۆزىگە بويسۇنغان ھەربىر ئادەمنى يورۇتۇشنى خالايدۇ. «مۇقەددەس كىتاب» مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولۇشىغا ئىجازەت بەرگەن.

## 2. مۇستەقىل ئېتىقاد قىلىش كېرەك

> «گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم چوقۇم ئۆلىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئاتىنىڭمۇ ئوغلىنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ياخشى ئادەم قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئىنئامغا ئېرىشىدۇ، يامان ئادەم ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» («ئېزەكىيال» 18_باب، 20_ئايەت).

ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشتا ھەربىر ئادەم ئۆزى مۇستەقىل ئېتىقاد قىلىشى كېرەك، يەنى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئېتىقادى بولۇشى كېرەك. كوللېكتىپ ئىشىنىشكە ياكى ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىقادىغا تايىنىشقا بولمايدۇ. ھېچكىم ئۆزى ئېتىقاد قىلماي تۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھەرقانداق ئېتىقادچى ئاتىسىنىڭ ئىشەنمەسلىكى سەۋەبىدىن ھالاك بولمايدۇ. پاۋلۇس ئۆزىنىڭ خۇش خەۋەردىن نۇمۇس قىلمايدىغانلىقىنى، خۇش خەۋەرنىڭ خۇدانىڭ قۇدرىتى ئىكەنلىكىنى، بارلىق ئىشەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ سۆزدىن بىز پەقەتى ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان، شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىزمۇ ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ھېچكىممۇ سىزگە ۋەكىل بولۇپ ئورنىڭىزدا جەننەتكە بارالمايدۇ، ھېچكىممۇ ئورنىڭىزدا ئىبادەتخانىغا بېرىپ سىز ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ قويالمايدۇ. بۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىزلا قىلالايسىز. «مۇقەددەس كىتاب»تا «خۇدانىڭ نامىدا تىلىگۈچىلەر

قۇتقۇزۇلىدۇ» دېيىلگەن. دىققەت قىلىڭكى، تىلىگۈچىلەر قۇتقۇزۇلىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ تىلىشى بىلەن قۇتقۇزۇلمايدۇ. گەرچە ئېتىقادچىلار بىربىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشسىمۇ، لېكىن ھەربىر قۇتقۇزۇلغۇچى ئۆزى خۇدادىن تىلىشى كېرەك. ئۆزى شەخسەن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

## 3. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېتىقاد قىلىش كېرەك

> «ئۇ ئۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە خۇدانىڭ پەرزەنتى بولۇش ھوقۇقىنى بەردى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـ باب، 12ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىشىنىش دېگەنلىك ئەيسا مەسىھنى قەلبتىن قوبۇل قىلىشنى كۆرستىدۇ. قوبۇل قىلىش قۇللاش ئەمەس، تەتقىق قىلىش ئەمەس ياكى بەھرە ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى قەلبىمىزگە ئەمەلىي ھالدا ئېلىپ كىرىشتۇر. قوبۇل قىلىش بىر خىل ھەرىكەت ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى تەجرىبە. ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە سۇبيېكتىپ تەجرىبىگە تولغان ئىشەنچ جانلىق ئىشەنچ بولالايدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىكى قوللاشلا بولۇپ، ئەمەلىيىتى بولمىغان ئىشەنچ ئۆلۈك ئىشەنچتۇر.

ئالمىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بىلەن ئالمىنى يەپ بېقىپ ئۇنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. ئالمىنى يەپ بېقىپ، ئاندىن ئۇنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش دەل سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىشىنىشتۇر. ئالمىنىڭ تاتلىقلىقىغا ئىشىنىش، لېكىن ئۇنىڭ تەمىنى تېتىماسلىق سىزگە بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشىنىش بولىدۇ. ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغان، يەنى ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەملەرنى «مۇقەددەس كىتاب» قانداق ئادەم دەيدۇ؟ «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـ باب 13ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «بۇلار يا قاندىن، يا جىنسىي تەلەپتىن، يا ئىنسان ئىرادىسىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدا تەرىپىدىن قايتا تۆرەلگەن بولىدۇ».

## 4. ئىچى-تېشى بىردەك بولغان ھالدا ئېتىقاد قىلىش كېرەك

> «ئەيسا مەسىھنىڭ رەببىڭ ئىكەنلىكىنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلساڭ ۋە خۇدانىڭ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىڭدىن ئىشەنسەڭ قۇتقۇزۇلىسەن. چۈنكى، ئىنسان قەلبىدىن ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق ھەققانىي ئادەم، دەپ جاكارلىنىدۇ، ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10-باب، 9-، 10-ئايەت).

بۇ ئايەت بىزگە ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشتە ئىچىمىز بىلەن تېشىمىزنىڭ بىردەك بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. پەقەت ئېغىزىمىزدىلا ئىشىنىپ، ئەيسا مەسىھنى قەلبىمىزدىن قوبۇل قىلمىساق، ئېغىزدىلا بار، قەلبتە يوق ئىشەنچ بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەگەر ئىچىمىزدىلا بىلىپ، ئېغىزىمىزدا ئىقرار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىساق، ئۇمۇ ئەھمىيەتسىز ئۆلۈك ئىشەنچ بولۇپ قالىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا «ھەرىكىتى بولمىغان ئىشەنچ ئۆلۈك ئىشەنچ» دېگەن سۆز بار. قەلبنى كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، بىر ئادەمنىڭ ئىشەنگەن ياكى ئىشەنمىگەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ بۇنى پەقەت ھەرىكەت جەھەتتىكى ئىپادىدىنلا بىلەلەيمىز. خۇدا ئادەمنىڭ ئىچ-باغرىنى بىلىدۇ. پەقەت سىرتىمىزدىلا ئىشەنگۈچى بولۇپ، ئەيسا مەسىھكە قەلبىمىزدىن تايانمىساق، خۇدا ئىلتىپات قىلغان ئالاھىدە تامغىغا، يەنى مۇقەددەس روھقا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيمىز («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 16-ئايەت) ھەم ئىلتىپاتنىڭ ياخشىلىقىنى بىلەلمەيمىز. يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەقىقىي ئېتىقادنى ئىپادىلەش خۇدا ۋە ئادەمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە چېتىلىدۇ. قەلبىدە ئېتىقادى بولماي تۇرۇپ، ئېتىقادچىلار قىياپىتىگە كىرىۋېلىش بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىمەن دېيىش باشقىلارنى ئالدىغانلىق بولىدۇ. قەلبىدە ئىشىنىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقىتىنى تۇرمۇشقا تەدبىقلىمىغان ئىشەنچ خۇدانىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئالدايدىغان ئىشەنچ بولىدۇ. بىز يەنە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ۋە تىرىلگەنلىكىگە ئوخشاشلا ئىشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئەيسا مەسىھ بىز ئۈچۈن ئۆلۈپلا قالماي، يەنە بىز ئۈچۈن تىرىلگەن. مانا بۇ خۇش خەۋەردۇر. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى

بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن، يەنى ئۇ بىز ئۈچۈن جازالاندى. ئۇنىڭ تىرىلىشى بولسا ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنى ئۆزگەرتىپ، بىزنى يېڭى ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

## 5. ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك

«رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 10- باب، 13- ئايەتتە : «پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئايەت ئارقىدىنلا «ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلمىغان كىشى ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ياردەم تىلىيەلىسۇن؟» دەپ تولۇقلانغان. دېمەك، «پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتقۇزۇلىدۇ». بۇ، ئىشەنچ بىلەن قىلىنغان دۇئادىن كېلىدۇ. ئىشەنمەي تۇرۇپ قىلىنغان دۇئا چوقۇم خۇدانى ئالدىغانلىق بولۇپ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر سىز دۇئانى ئىشەنچ بىلەن قىلسىڭىز، «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ ئىجازىتى ناھايىتى ئېنىق: « . . . قۇتقۇزۇلىسىز». بۇ يەردىكى«دۇئا» قانداق دۇئانى كۆرسىتىدۇ؟ «ئىشەنچ» قايسى تەرەپتىكى ئىشەنچنى كۆرسىتىدۇ؟

1) بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان دۇئا قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنى تىلەشنى ھەم ھەزرىتى ئەيسانىڭ قەلبىمىزگە كېلىشىنى تىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ھەرگىزمۇ جىسمانىي جەھەتتىكى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ياخشىلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان دۇئانى كۆرسەتمەيدۇ.

2) بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئىشەنچ تۇرمۇشتىكى ئىشلارغا نىسبەتەن ئىشەنچنىڭ بار-يوقلۇقى بولماستىن، بەلكى ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى دەپ قوبۇل قىلىشنى تاللاشتىكى ئىشەنچنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، گۇناھتىن ئايرىلىپ، ئەيسا مەسىھكە يۈزلىنىشتىكى ئىشەنچنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئىشەنچ ئادەمنى گۇناھكار ئورنىدىن خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. تۇرمۇشتا بەزى نەرسىلەرنى ئىشەنچ بىلەن تىلەيمىز، لېكىن بۇ قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىنكى ئىشلار، خالاس. بىز ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر ئىشقا نىسبەتەن باغلىغان ئىشەنچىمىز ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ قوبۇل قىلغانلىقىمىزدىن قۇتقۇزۇلدۇق، يەنى مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ھاياتىغا ئىگە بولغانلىقىمىزدىن قۇتقۇزۇلدۇق.

قەدىرلىك دوستۇم، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خۇدادىن تىلەڭ، گۇناھلىرىڭىزنى

سەمىمىيلىك بىلەن  بويىنىڭىزغا ئېلىڭ. قەلبىڭىزدىكىنى خۇداغا ئېيتىڭ. قارارىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۇنى قۇتقۇزغۇچى رەب دەپ تونۇغانلىقىڭىزنى دەڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، سىزمۇ بىر ئېتىقادچى بولالايسىز.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

«قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى» دەل ئەيسا مەسىھنىڭ بىز ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقارغان گۇناھىمىزنى كەچۈرۈش ئىلتىپاتىدۇر. ئىنسانلارغا جاكارلانغان بۇ ئىلتىپات بىر خىل «خۇش خەۋەر»دۇر. ئەيسا مەسىھ بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى دىنلارنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى دەل قۇتقۇزۇلۇش جەھەتتە بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر، ھەتتا بەزى ئېتىقادچىلارمۇ «ئادەمنىڭ يولى» بىلەن «خۇدانىڭ يولى»نى، «كىشىلىك پەلسەپە» بىلەن «قۇتقۇزۇلۇش ھەقىقىتى»نىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قۇتقۇزۇلۇش ئاساسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلمەيدۇ. تۆۋەندە بىز «مۇقەددەس كىتاب»تىن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى مىسال قىلىپ، قۇتقۇزۇلۇشنىڭ يەتتە خىل مۇھىم ئاساسىنى بايان قىلىمىز.

1. خۇدا ئادەملەرنى ئىزدەيدۇ

> «ئىنسانئوغلى ئازغان ئادەملەرنى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19-باب، 10-ئايەت).
>
> «سىلەر مېنى تاللىغىنىڭلار يوق، ئەكسىچە مەن سىلەرنى تاللىدىم. مەن سىلەرنى مېۋە بەرسۇن ھەمدە مېۋىلىرىڭلار مەڭگۈ ساقلانسۇن، دەپ تەيىنلىدىم. مۇشۇنداق مېۋە بەرگىنىڭلاردا، مېنىڭ نامىم بىلەن ئاتامدىن نېمە تىلىسەڭلار ئاتام شۇنى بېرىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15-باب، 16-ئايەت).

بۇ ئىككى ئايەت بىزگە ئېيتىدۇكى، ئادەم خۇدانى ئەمەس، بەلكى خۇدا ئالدى بىلەن ئادەمنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر خۇدا ئالدى بىلەن ئادەملەرنى

ئىزدىمىسە، ئازغان گۇناھكار بەندە ئۆزىگە تايىنىپ خۇدانى ئىزدەپ تاپالمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى دىنلار بىلەن خىرىستىئان دىنىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى دەل مۇشۇ يەردە. خىرىستىئان دىنى ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىدۇر. باشقا دىنلار بولسا ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، خۇدانىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۆزى بېكىتكەن ئۆلچەملەر بىلەن خۇدانى ئىزدەپ، بۇ ئۆلچەملەر بويىچە خۇدانى خۇشال قىلىمىز دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا دىنلار ئادەمنى مەركەز قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ياخشى ئادەم بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن، مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى بولسا خۇدانىڭ لايىھىسى، خۇداغا خۇدانىڭ قائىدىسى ۋە خۇدانىڭ ۋەھىيسى بويىچە ئىبادەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بەزى ئادەملەر مۇنداق سورايدۇ: «توپان بالاسى دەۋرىدە ئەجەبا نۇھنىڭ كېمىسىدىن باشقا كېمىلەر يوقمىدى؟ ئەگەر باشقا كېمىلەر بولغان بولسا، نېمە ئۈچۈن نۇھنىڭ كېمىسىدىكى ئادەملەرلا قۇتقۇزۇلىدۇ؟» بۇنداق سوئالنى سورىغۇچىلار مۇنداق بىر مەسىلىگە سەل قارىغان، يەنى ئۇ سۇ زادى قانچىلىك؟ زادى قانداق كېمە بولغاندا، بۇ سۇ ئېلىپ كەلگەن ئاپەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ قانچىلىك ئاشلىق تەييارلىغاندا، بۇ ئاپەتتىن ساق-سالامەت ئۆتۈۋالغىلى بولىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. كىشىلەر خۇدانىڭ توپان بالاسى بىلەن بۇ دۇنيانى قانداق ھالاك قىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىزىكەن، ئۇنداقتا قانداق كېمە بىلەن مۇداپىئەلىنىشنى ۋە قانچىلىك ئاشلىق تەييارلاشنىمۇ بىلمەيدۇ-دە. پەقەت خۇدا نوھقا ياساتقۇزغان كېمىلا بۇ ئاپەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. چۈنكى، پەقەت خۇدالا قانداق كېمىنىڭ بۇ ئاپەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

خۇدا سودوم شەھىرىگە ئوت ئاپىتى چۈشۈرىدىغان چاغدا، لۇت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىككى پەرىشتە شەھەردىن ئېلىپ چىققانىدى. ئەگەر لۇت ئۆزىگە تايانغان بولسا، شۇ شەھەردىن بىرەر پاناھ بولغۇدەك جاي ئىزدىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ خۇدانىڭ چۈشۈرىدىغان ئوت ئاپىتىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ خۇدانىڭ جازاسىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان پەقەت خۇدا ئادەملەر ئۈچۈن تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى بىلەنلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ئادەملەر خۇدانىڭ جازاسىدىن زادى قانداق ئۇسۇل بىلەن ساقلىنالايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. قانداق ئۆلچەمنىڭ ئادىللىق ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەمما، باشقا دىنلار بولسا ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى

ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار قىلغان ساۋابلىرىمىزنىڭ ئەجرى بولىدىغاندۇ؟ يول ياسىساق، كۆجە كۆيدۈرسەك، دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزسەك، خۇدا بىزنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، خۇدا بۇلارنى ياقتۇرامدۇ يوق؟ ئەلۋەتتە، خۇدا بۇلارنى ياقتۇرمايدۇ. شۈكلاشقا، بۇ دىنلار ئادەمنى تېخىمۇ ھاكاۋۇر، ئۆزىنى تېخىمۇ مەركەز قىلىدىغان قىلىپ، ئادەمنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرنىڭ ئوي-پىكرى بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ چۈشەنچىلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

بىر مەسىلىدە ئۈچ چۈمۈلىنىڭ ئادەملەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى سۆزلىنىدۇ. بىرىنچى چۈمۈلە ئادەمنىڭ چېچى ئارىسىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ بېقىپ، قالغان ئىككى چۈمۈلىگە: «ئادەم خۇددى قويۇق ئورمانلىققا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق تارىلىدىكەن» دەپتۇ. ئىككىنچى چۈمۈلە ئادەمنىڭ قورساق تېرىسىنى بىر نەچچە چۆگىلەپ: «ئادەم خۇددى توپىسى بوشىتىلغان تۈزلەڭلىككە ئوخشايدىكەن» دەپتۇ. ئۈچىنچى چۈمۈلە ئادەمنىڭ پۇتىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ بېقىپ: «ئادەم ئەمەلىيەتتە بىر چوڭ تۈۋرۈككە ئوخشايدىكەن، لېكىن سېسىق پۇراق چىقىرىدىكەن» دەپتۇ. بۇ ئۈچ چۈمۈلە ئادەملەرنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە بولغان تونۇشىدا يەنىلا نۇرغۇن خاتالىقلار بار. تەنگە تەۋە بولغان ئادەم قانداقمۇ روھقا تەۋە بولغان خۇدانى تونۇيالىسۇن؟ ئەگەر خۇدانىڭ ۋەھىيسى بولمىسا، ئادەم خۇدانى ھەرگىز تونۇيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، خۇدا ئادەملەرنى ئىزدەيدۇ. خۇدا ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىلتىپاتنى تەييارلاپ، ئۆز ۋەھىيسى ئارقىلىق، ئادەملەرنىڭ خۇدانى قانداق تېپىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئادەملەر خۇدانى ئاندىن ئىزدەپ تاپالايدۇ.

## 2. ئادىللىق ۋە مۇھەببەت

> «ئۇ بىزنىڭ گۇناھنىڭ ئىلكىدە ياشىماسلىقىمىز، بەلكى ھەققانىيلىق يولىدا مېڭىشىمىز ئۈچۈن، گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ كرېستكە مىخلىنىپ قۇربان بولدى. سىلەر ئۇنىڭ يارىلىرى بىلەن شىپا تاپتىڭلار» («پېترۇس يازغان 1- خەت» 2-باب، 24-ئايەت).

قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ئادىللىقى ۋە مۇھەببەتلىك ئىكەنلىكىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئادىللىق ۋە مۇھەببەتنىڭ ھەر ئىككىسى خۇدانىڭ خاراكتېرى. نېمە ئۈچۈن ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ؟ چۈنكى، ھەرقانداق بىر قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى خۇدانىڭ ئادىللىقى ۋە خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببەتلىك خاراكتېرىنى تولۇق قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق چوڭ پرىنسىپ ئاستىدىكى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىلا ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بولالايدۇ. ئەگەر خۇدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىغا سەل قاراپ، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە يول قويسا، خۇدا ئادىل بولمىغان بولىدۇ. ئەگەر خۇدا ئادەملەرنىڭ بىچارىلىكى بىلەن كارى بولماي ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا قاراپ تۇرسا، بۇ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببەتلىك خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ. بەزى ئادەملەر: «خۇدا ھەممىگە قادىر بولغاندىكىن، بۇنداق كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەزرىتى ئەيسانى ئەۋەتىپ، گۇناھلىرىمىزنى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ، ئاندىن بىزنى ئۇنىڭغا ئىشەندۈرۈپ قۇتقۇزغۇچە، ھەممىمىزنى جەننەتكە ئېلىپ كىرسە بولمىدىمۇ» دېيىشىدۇ. بۇنداق دېگۈچىلەر خۇدانىڭ خااكتېرىنى چۈشەنمىگەنلەردۇر. «ئادىللىق» خۇدانىڭ تەبىئىتى. ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئادىل بولمىغان ئىشنى قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ گۇناھكارنى گۇناھسىز قىلالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خۇدا پۈتۈنلەي مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇپ، ئۇ گۇناھكارلارنىڭ ماڭدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇشىغا قاراپ تۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئەيسا مەسىھنى ئەۋەتىپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۇنى جازالاپ، ئۇنى كرېستكە مىخلىدى. بىزنىڭ ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش سەۋەبىمىزدىن بىزنى ھالاك قىلماي، ئەكسىچە مەڭگۈلۈك ھاياتنى بىزگە تەقدىم قىلدى. نېمە ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ ئۆزى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟ خۇدا پەرىشتىنى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىلى ئەۋەتسە بولمامدۇ؟ پەرىشتىنىڭمۇ گۇناھى يوق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، خۇدا پەقەت ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالسىلا، خۇدانىڭ ئادىللىقى قانائەتلىنىدۇ. خۇدا پەقەت ئەيسا مەسىھنى ئەۋەتسىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى تەلتۆكۈس ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، بىرسىگە مىڭ سوم قەرزدار بولۇپ قىلىپ، يۈز سومنىلا قايتۇرساق، ئەلۋەتتە بۇ قەرزنى قايتۇرۇپ بولغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى، قايتۇرغان پۇل بىلەن قەرز بولغان پۇلنىڭ پەرقى بەكمۇ چوڭ. خۇدا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ئۆز زىممىسىغا ئېلىشقا پەرىشتىنى ياكى باشقىلارنى ئەۋەتسە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەيسا مەسىھلا بىزنىڭ بارلىق

گۇناھلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ ھەم ئۇچراشقا تېگىشلىك جازايىمىزنىڭ بەدىلىنى تۆلىيەلەيدۇ. پەقەت ئەيسا مەسىھلا خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىلا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇڭا ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئادىللىق ۋە مۇھەببەتلىك خاراكتېرىنى تەڭلا ۋاقىتتا تەلتۆكۈس قانائەتلەندۈرەلەيدۇ.

## 3. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى

قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولسا «ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى»دۇر. ئەيسا مەسىھ : «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن» دەيدۇ. بۇ يەردىكى «يول» ئەمەلىيەتتە ئۇسۇلدۇر. قانداق ئۇسۇل بىلەن خۇدانىڭ يېنىغا بارغىلى بولىدۇ؟ ئەيسا مەسىھ : «مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ» دەيدۇ. دېمەك، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى بىزنى قۇتقۇزۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى. ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ تەلىماتچىسى بىلەن تەلىماتى ئايرىلغان بولىدۇ. باشقا دىنلاردا تەلىماتچىسى تەلتۆكۈس بولمىسىمۇ، تەلىماتى ياخشى بولسىلا بولدى دەپ قارىلىدۇ، لېكىن خرىستىئان دىنىدىكى قۇتقۇزغۇچى بىلەن ئۇنىڭ تەلىماتى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەيسا مەسىھ قۇتقۇزغۇچى، تەلىماتچى ئەمەس. ئۇ ئۆزى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلىنى تۆلىگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ئۆزۈڭلار ئامال قىلىپ بەدەل تۆلەڭلار، دەپ تەلىم بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۆزى ھاياتلىق. ئۇنى قوبۇل قىلغانلار مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ھاياتىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنى رەت قىلغانلار بولسا ھاياتىنى يوقىتىدۇ. باشقا دىنلاردا دىنىي مۇراسىم ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، خۇش خەۋەردە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەيسا مەسىھنى سەممىيلىك بىلەن  قوبۇل قىلىشتۇر. دىنىي مۇراسىملار ئادەمنى قۇتقۇزالمايدۇ.

دېمەك خۇدانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن لايىھىلىگەن قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى: ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىنىڭ ئەجرى ئارقىلىق، ئۇنىڭغا تايانغان بارلىق ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بارلىق ئادەملەرنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش. يەنە ئۇنىڭ قايتا كېلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بارلىق ئادەملەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ، تەن بىلەن روھنى قۇتقۇزۇش. بىلىشىڭىز كېرەككى، مەسىھنى رەت قىلغانلىق خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

قۇتقۇزغۇچى ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغانلىق خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى ھەم ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ.

بىر دوختۇر بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر جايدا دوختۇرلۇق قىلىدىكەن. بىر بىمار قان سىيلىشقا موھتاج بولۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك قان تېپىلماپتۇ. كېيىن بۇ دوختۇر ئۆزىنىڭ قېنىنىڭ بىمارغا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ قېنىنى بىمارغا تەقدىم قىلىپ، بىمارنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئەيسا مەسىھ بولسا روھنىڭ دوختۇرى بولۇپ، ئۇ ئۆز قېنىنى روھىدا «گۇناھ كېسىلى» بارلار ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. قۇتقۇزۇلۇشنى خالايدىغانلار ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئاققۇزغان قېنىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ قېنىغا تايىنىپ گۇناھىنى يۇغانلار چوقۇم قۇتقۇزۇلىدۇ («پېترۇس يازغان 1 ـ خەت» 1 ـ باب، 18 ـ، 19 ـ ئايەت ؛ «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 9 ـ باب، 14 ـ ئايەت).

## 4. ئادەمنىڭ ماھىيىتى گۇناھكاردۇر

> «مەن گۇناھ ئىچىدە تۇغۇلدۇم، ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا گۇناھكار ئىدىم» («زەبۇر» 51 ـ باب، 5 ـ ئايەت).

بۇ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئۆز گۇناھىنى تونۇغان چاغدا يازغىنى بولۇپ، ئادەمنىڭ ماھىيىتىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا بۇ خرىستىئان دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئادەمئاتىمىز گۇناھ ئۆتكۈزمەستىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى دېگىلى بولاتتى. لېكىن، ئادەمئاتا گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ياخشىلىقتىن يامانلىققا، يەنى گۇناھكارلىققا ئۆزگەردى.

«ياخشىلىقنى ئۆگىنىشكە ئۈچ يىل، يامانلىقنى ئۆگىنىشكە ئۈچ كۈن كېتىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ ياخشىلىقنى ئۆگەنمەك تەس، يامانلىقنى ئۆگەنمەك ئاسان دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى ياخشى بولىدىغان بولسا، ياخشىلىقنى ئۆگىنىش ئاسان، يامانلىقنى ئۆگىنىش تەس بولغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ يامانلىقنى ئاسان، ياخشىلىقنى تەستە ئۆگىنىدۇ. ھەر بىر دۆلەتتە يامانلىقنى جازالايدىغان قانۇن بار ھەمدە يامانلىق قىلغۇچىلارنى توسىغۇچى ساقچىلار بار. يامانلىق قىلىشنى قوللايدىغان قانۇن بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. نېمە ئۈچۈن ياخشىلىقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ساقچى بولمايدۇ؟ چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى گۇناھكاردۇر.

ئىنسان تەبئىتى يامان دېگەنلىك بىلەن ئىنسان تەبئىتى ياخشى دېگەنلىك تولىمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق تۆۋەندىكىچە. ئىنسان تەبئىتى ياخشى دېگۈچىلەر: «ئادەم ياخشى. ئادەمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدىكى سەۋەب شارائىتنىڭ ناچارلىقىدا» دەپ قارايدۇ. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى شارائىتقا دۆڭگەپ قويىدۇ. ئىنسان تەبئىتى يامان دېگۈچىلەر: «ئادەمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە، بۇ ھەرگىزمۇ شارائىت جەھەتتىكى مەسىلە ئەمەس. يامانلىق قىلغۇچى ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، چۈنكى شارائىتنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىمۇ ئادەملەر ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرى: «ئادەملەر ئېھتىياجلىق بولغان ئۆزگىرىش تاشقى قىياپەت جەھەتتە ئەمەس، شارائىتتا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ توپ ماھىيىتىدا» دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش گۇناھقا پاتقان ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. پەقەت ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدالا بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ئىلتىپات قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەيسا مەسىھ دەيدۇكى: «ئادەم قايتا تۇغۇلمىسا، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ» قايتا تۇغۇلۇش خىزمىتى يەنىلا مۇقەددەس روھنىڭ خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 5. ياخشىلىق قىلىش ئادەملەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى

> «ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانلار گۇناھ قىلغان بولىدۇ» («ياقۇپ» 4ـ باب، 17ـ ئايەت).

ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنىڭ بەشىنچى ئالاھىدىلىكى دەل ياخشىلىق قىلىش ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىكەنلىكىدە ھەم ئۇنىڭ ماختانغۇچىلىكنىڭ يوقلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدە. ئەگەر ئادەم ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى ئادەملەر قىلىنغان ياخشى ئىش چوقۇم ماختىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئەيسا مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرى بولسا بۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ خرىستىئان دىنى بىلەن باشقا دىنلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كۆز قاراشنى

ھازىرلىغان ئادەملا «ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز» دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەپ، ياخشى ئىشنى ھەقىقىي قىلىدىغان بولىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، ساختىلىقتىن ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

## 6. قۇتقۇزۇلۇش پۈتۈنلەي ئىلتىپاتتىن كېلىدۇ

«سىلەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ قۇتقۇزۇش ئۆزۈڭلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپاتتۇر. سىلەر ھەرگىزمۇ ساۋابلىق ئىشلار بىلەن قۇتقۇزۇلغان ئەمەس، شۇڭا سىلەرنىڭ ماختىنىشقا ھەققىڭلار يوق» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب، 8-، 9-ئايەت).

ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى «ئىلتىپاتتىن ھەم ئېتىقاد سەۋەبىدىن بولىدۇ». بۇ، ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى خۇداغا پۈتۈنلەي تايانغانلىقتىن بولىدۇ، يەنى قۇتقۇزۇلۇش ئادەملەرنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىغا باغلىق ئەمەس، ئادەم پەقەت ئېتىقاد ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلسا، قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ ماختانغۇدەك يېرى يوق، چۈنكى ياخشى ئىش قىلىش ئادەملەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىدىن ئەمەس، پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن بولىدۇ.

مەيلى ئۇ باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، مەيلى مەرتىۋىلىك ياكى ئاددىي ئادەم بولسۇن، خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكاردۇر. ھەممە ئادەم قۇتقۇزۇلۇشتا خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ ئەيسا مەسىھ خۇش خەۋىرىنىڭ مۇھىم پرىنسىپىدۇر.

## 7. مۇھەببەتنىڭ قوزغىتىلىشى

«بۇ ئۈمىد بىزنى ھەرگىز ئۈياتتا قالدۇرمايدۇ. چۈنكى، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە

سىڭدۈرگەن» («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 5ـ باب، 5ـ ئايەت).

قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى جازا بېرىش، قورقۇتۇش ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئارقىلىق ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرۈشتۇر. خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق مۇقەددەس قانۇننى چۈشۈرۈشى ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى، قانۇننىڭ پرىنسىپى جازادۇر. جازا باشقىلارنى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇچرايدىغان ئازابتىن چۆچۈتۈش رولىنى ئوينايدۇ. خۇدانىڭ قانۇننى چۈشۈرۈشتىكى مەقسىتى كىشىلەرگە گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، گۇناھ ئۆتكۈزسە جازالىنىدىغانلىقىنى جاكارلاش ھەم كىشىلەرگە خۇدانىڭ ئادىللىقى توغرىسىدا تەلىم بېرىشتۇر. بىز ئۆتكۈزگەن ھەر بىر گۇناھ چوقۇم تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، خۇدا بىزنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشىمىزنى خالايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتمىسە، گۇناھلىرىنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ ھەم بۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشىشنىمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا، «مۇقەددەس كىتاب» بىزگە دوزاقنىڭ شەيتان ئۈچۈن تەييارلانغان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئىنسان ئەگەر شەيتانغا ئەگىشىپ، خۇدانىڭ قۇتقۇزۇشىنى رەت قىلسا، ئۇلار ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلغان بولىدۇ. مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى كىشىلەرنى «ھالاك بولۇشىمىز مۇمكىن» دېگەن ۋەھىمىدە قالدۇرمايدۇ. دوزاق ئارقىلىق كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنى مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشكە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىششقا ئۈندىمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ئەمەس، ئەلۋەتتە.

قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە تۆكۈپ، مەسىھنىڭ كرېستتە كۆرسەتكەن مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنى تەسىرلەندۈرۈش. پەقەت مۇشۇنداق مۇھەببەتتىن تەسىرلەنگەن چېغىمىزدىلا ياخشى ئىشنى چىن قەلبىمىزدىن، ھەقىقىي قىلالايمىز. ئەگەر بىراۋ زورلۇق كۈچتىن ياكى جازادىن قورقۇپ، بويسۇنۇش خاھىشىنى ئىپادىلىسە، بۇنداق بويسۇنۇش ۋە ھۆرمەت پەقەتلا ۋاقىتلىق، كۆرۈنۈش جەھەتتىنلا بولىدۇ. لېكىن، رەھمەت ئېيتىش ھېسسىياتىدىن چىققان مۇھەببەت سەمىمىي بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلىشقا رازى بولىدىغان دەرىجىدە بولىدۇ.

مەلۇم بىر ئېتىقادچى باشقىلارنى خۇش خەۋەردىن تەلىم ئاڭلاشقا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ پورتمالىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئىچى بەك ئېچىشىپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مەن بىر ياخشى ئىشنى قىلغان تۇرسام، ھەزرىتى ئەيسا نېمە ئۈچۈن ماڭا كۆڭۈل بۆلمىگەندۇ؟ پورتمالىم نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن، ئۇ يەنە ئەيسا مەسىھ بىز ئۈچۈن ئەرشتىكى ئۇلۇغلۇقىنى تاشلاپ، گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلسا بولىدىكەنيۇ، مەن ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئازراق زىيان تارتسام نېمە بوپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ئويلىغان چېغىدا ئۇنىڭ ئاغرىنىشلىرى پۈتۈنلەي خۇدانى مەدھىيىلەشكە ئۆزگىرىپتۇ. ئەجەبا، ئۇ ئوينىغان چاغلىرىدا ھېچنېمە يۈتتۈرۈپ باقمىغانمۇ؟ ئۇ گەرچە ئۆز پورتمالىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ئىنسانىيەتنىڭ كەشپىياتى ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ داۋلىسى ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمەس، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويلاپ چىقىرىلغان پەلسەپە قائىدىلىرىمۇ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىدۇر. «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 2-باب، 9-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ھالبۇكى، مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك:
> ‹ خۇدانى سۆيگەنلەرگە ئۇنىڭ تەييارلىغانلىرى دەل ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىمىغان، ھېچقانداق ئادەم ئويلىمىغان نەرسىلەردۇر ›»

ئومۇمەن، ئىنساننىڭ كۆزى كۆرەلەيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىيالايدىغان ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تەۋە بولغان قائىدىلەردۇر. لېكىن، ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ لايىھىسىدۇر. خۇدانىڭ تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلساق، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆزگىرىدۇ. خۇدانىڭ تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ پرىنسىپى بويىچە ياشىساق، بىر ياخشى ئېتىقادچى بولغىلى بولىدۇ.

مەلۇم بىر ئېتىقادچى باشقىلارنى خۇش خەۋەردىن تەلىم ئاڭلاشقا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ پورتمالىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئىچى بەك ئېچىشىپتۇ. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مەن بىر ياخشى ئىشنى قىلغان تۇرسام، ھەزرىتى ئەيسا نېمە ئۈچۈن ماڭا كۆڭۈل بۆلمىگەندۇ؟ پورتمالىم نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن، ئۇ يەنە ئەيسا مەسىھ بىز ئۈچۈن ئەرشتىكى ئۇلۇغلۇقىنى تاشلاپ، گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلسا بولىدىكەنيۇ، مەن ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئازراق زىيان تارتسام نېمە بوپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ئويلىغان چېغىدا ئۇنىڭ ئاغرىنىشلىرى پۈتۈنلەي خۇدانى مەدھىيلەشكە ئۆزگىرىپتۇ. ئەجەبا، ئۇ ئوينىغان چاغلىرىدا ھېچنېمە يۈتتۈرۈپ باقمىغانمۇ؟ ئۇ گەرچە ئۆز پورتمالىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئۆزىنى تەسرلەندۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ئىنسانىيەتنىڭ كەشپىياتى ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ داۋلىسى ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەمەس، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويلاپ چىقىرىلغان پەلسەپە قائىدىلىرىمۇ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىدۇر. «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 2-باب، 9-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

> «ھالبۇكى، مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك:
> ‹ خۇدانى سۆيگەنلەرگە ئۇنىڭ تەييارلىغانلىرى دەل
> ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن، ھېچقانداق قۇلاق
> ئاڭلىمىغان، ھېچقانداق ئادەم ئويلىمىغان
> نەرسىلەردۇر ››»

ئومومەن، ئىنساننىڭ كۆزى كۆرەلەيدىغان، قولىقى ئاڭلىيالايدىغان ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تەۋە بولغان قائىدىلەردۇر. لېكىن، ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ لايىھىسىدۇر. خۇدانىڭ تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلساق، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆزگىرىدۇ. خۇدانىڭ تەييارلىغان قۇتقۇزۇش ئىلتىپاتىنىڭ پرىنسىپى بويىچە ياشىساق، بىر ياخشى ئېتىقادچى بولغىلى بولىدۇ.